« ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ » ( ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدىن )

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

1999 - يىلى 6 - ئاي
11 - سان
گېرمانىيەدە نەشىر قىلىندى
Eastern Turkistan
Information Center

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت
گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشىر قىلىنماقتا

## شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى

### مىللىي قۇرۇلتايىنى بۇيىل ئۆكتەبىردە گېرمانىيەدە ئېچىشنى قارار قىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى : مەركىزى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدىكى « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى »، مىللىي مەركەز قارمىقىدىكى بارلىق تەشكىلات مەسئۇللىرىنىڭ بىردەك ماقۇللىقى بىلەن، مىللىي مەركەزنىڭ خەلقئارالىق قۇرۇلتىيىنى بۇيىل ئۆكتەبىردە گېرمانىيىنىڭ ميونخىن شەھرىدە ئېچىشنى قارار قىلدى ھەمدە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى نىڭ رەئىسى ئەسقەرجاننى گېرمانىيەدە ئېچىلىدىغان مىللىي قۇرۇلتايىنى چاقىرىشقا مەسئۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە تولۇق سالاھىيەت بەردى. بۇيىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى ، ئەسقەرجاننى مىللىي قۇرۇلتايىنى چاقىرىشقا مەسئۇل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى يازما تەكلىپنامىسىنى رەسمىي ھالدا ئەسقەرجانغا تاپشۇردى. بۇ تەكلىپنامىگە مىللىي مەركەزنىڭ رەئىسى گېنېرال مۇھەممەت رىزابېكىن ئىمزا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللىي مەركەز، ئەسقەرجاننى گېرمانىيەدە مىللىي قۇرۇلتايىنى چاقىرىشقا مەسئۇل قىلغانلىق توغرىسىدىكى تەكلىپنامىسىنى مىللى مەركەز قارمىقىدىكى بارلىق تەشكىلاتلارغا يوللىدى. مىللىي مەركەزنىڭ بۇ تەكلىپنامىسىدە، بۇقېتىم گېرمانىيىدە چاقىرىلىدىغان مىللىي قۇرۇلتاينىڭ كونكرېتنى ۋاقتى، ئورنى ۋە كۈن تەرتىۋى قاتارلىق مەسىلەردە ئەسقەرجاننىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكى ۋە قۇرۇلتايغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلەردە مىللىي مەركەزگە قاراشلىق ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ ئەسقەرجاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە يوليورۇقىنى ئىجرا قىلىشى كېرەكلىكى بايان قىلىندى.

## شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئىسپانىيەدە



ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ باشلىقى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش باشچىلىقىدىكى 3 كىشىلىك شەرقىي تۈركىستان ھەيئىتى بۇيىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئىسپانىيەنىڭ گىراناداشەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن « ياۋروپا موسۇلمانلىرى كونسىيى » نىك يىللىق يىغىنىغا قاتنىشىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن موسۇلمانلار ۋەكىللىرىگە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ئاڭلاتتى. بۇ، ۋەتەن سىرتىدىكى مۇجادىلە تارىخىمىزدا شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ تۇنجى قېتىم ئىسپانىيەدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

( داۋامى 3 - بەتتە )

## گېرمانىيەنىڭ پايتەختى بوندا، « شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلستان ۋە دېموكراتىك خىتايلارغا ئىنسان ھەقلىرى » دىگەن تېمىدا كونفىرانس ئۆتكۈزۈلدى

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: بۇيىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » بىلەن « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » بىرلىكتە گېرماتىينىڭ پايتەختى بون شەھرىدە، « ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغول ۋە دېموكراتىك خىتايلارغا ئىنسان ھەقلىرى » دىگەن تېمىدا ئىلمى كونفىرانس ئۆتكۈزدى. كونفىرانسقا، « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۇلرىخ دېلىيۇز ئەپەندى شەخسەن رىياسەتچىلىك قىلدى. ( داۋامى 2 - بەتتە )



« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

# گېرمانىيەنىڭ پايتەختى بوندا، « شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە دېموكراتىك خىتايلارغا ئىنسان ھەقلىرى » دېگەن تېمىدا كونفېرانس ئۆتكۈزۈلدى

گېرمانىيە ھېسسېن ئۆلكىسىنىڭ پايتەختى بوندىكى مەركىزى بىناسىنىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى كونفېرانسقا، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى « ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئىنسانى ياردەم كومىتېتى » نىڭ باشلىقى گېرت پوپپى، « دېموكراتىك خىتاي تاشقى ئالاقىلىشىش جەمىيىتى » نىڭ باشلىقى ۋە مەشھۇر دېموكراتىك زات ۋېي جىڭشىڭ، « دېموكراتىك خىتاي ئوقۇغۇچىلىرى ۋە زىيالىلىرى جەمىيىتى » نىڭ رەئىسى نەي لىاڭچېن، « ئىچكى موڭغۇلىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى تەمسىلتۇ شوپشۇت، تىبەت ۋەكىللىرى بولۇپ 100 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان، « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ مەسئۇلى ۋە « بىرلىك » ژورنىلىنىڭ باش تەھرىرى پەرھات مۇھەممىدى، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن ئابدۇجېلىل ئەمەت ۋە ئەنۋەر نورۇز قاتارلىق 4 كىشىلىك بىر ھەيئەت ئىشتىراك قىلدى.

يىغىندا ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە دېموكراتىك خىتاي ۋەكىللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن سۆزگە چىقىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ نۆۋەتتە خىتاي تېررىتورىيىسى ئاستىدىكى ئۇيغۇر، تىبەت ۋە موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئاتىسىملاتسىيە سىياسىتى ئارقىلىق بۇ مىللەتلەرنى تامامەن يوقۇتۇشقا ئۇرۇنىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىشتى ھەمدە خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنى بۇمەسىلىگە يېقىندىن دىققەت قىلىشقا ۋە تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىگە تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرۇشقا ھەم بېسىم ئىشلىتىشكە چاقىردى. كونفېرانس جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىنىڭ نۇتۇقلىرى يىغىن ئەھلىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى جەلپ قىلدى. بولۇپمۇ « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇجېلىل ئەمەتنىڭ يىغىن سەھنىسىدە قىلغان ئۆز كەچۈرمىشلىرى ھەققىدىكى بايانلىرى يىغىن ۋەكىللىرىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ياش دىنى زات ئابدۇجېلىل ئەمەت شەرقىي تۈركىستاندا بىگۇناھ ھالدا ئىككى يىل تۈرمىدە ياتقان ۋە تۈرمىدە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن قاتتىق قىين ـ قىستاقلارغا ئېلىنغان ئىدى. ئۇ بۇ كەچۈرمىشلىرىنى كونفېرانستا ئىنتايىن جانلىق ۋە پاكىتلىق ھالدا سۆزلەپ ئۆتتى.

گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى « ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئىنسانى ياردەم بېرىش كومىتېتى » نىڭ باشلىقى گېرت پوپپى ئەپەندى كونفېرانستا سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى: « ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى ياۋروپا بىلەن ھەمكارلىقنى يولغا قويىمىز دېسە، ئالدى بىلەن ئۇلار ياۋروپانىڭ دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھە قلىرى جەھەتتىكى پىرىنسىپلىرىغا ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئۇلار خىتايدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىشنى توختۇ تۇپ، بۇ مىللەتلەرنىڭ دېموكراتىك ۋە ئىنسانى ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۇلارنى پىكىر بايان قىلىش، دىنى ۋە مەدەنى جەھەتتىكى ئەركىنلىكلەردىن بەھرىمەن قىلىشى لازىم. گېرمانىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولىدىغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىدە بۇ ئامىللار موھىم رول ئوينايدۇ، چۈنكى گېرمانىيە خىتاي بىلەن بولىدىغان سودىسىنى دەپ ھەرگىز پۈتۈن ئىنسانى قىممەتلەرنى بىرچەتكە قايرىپ قويمايدۇ. ئەلۋەتتىكى گېرمانىيە خىتاينىڭ دېموكراتىيىلىشىشىگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدۇ ».

دوكلات بېرىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەركىن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلدى. مۇنازىرە جەريانىدا « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى « ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئىنسانى ياردەم بېرىش كومىتېتى » نىڭ رەئىسى گېرت پوپپى ئەپەندىگە خىتابەن سوئال تەرىقىسىدە مۇنداق دېدى: « گېرمانىيە بولسۇن ياكى باشقا غەرىپ دۆلەتلىرى بولسۇن، ئومومەن خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئۇچرۇشۇش ۋە سۆھبەتلىرىدە پەقەتلا تىبەت مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل مەسىلىلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سىزلەر پەقەتلا تىبەتلىكلەرنىڭ ئىنسانى ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنى بىرچەتكە قايرىپ قويساڭلار، بۇ بىزدە سىلەرگە نىسبەتەن شۈبھە پەيدا قىلمامدۇ؟ ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ، « بىز 55 يىلدىن بۇيان تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن مۇجادىلە قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتىمىز، ئەمما غەرىپ ئەللىرى بىزنىڭ بىر ئېغىز گېپىمىزنىمۇ قىلىپ قويمايدۇ » دەيدىغان شىكايەتلىرى بار. شۇڭا سىزدىن گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇھەقتىكى سىياسىتى ھەققىدە بىرئاز ئىزاھات بېرىشىڭىزنى سورايمەن ».

گېرت پوپپى ئەپەندى ئەسقەرجاننىڭ سوئالىغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: « سىز ناھايىتى موھىم بىر مەسىلىنى سۆزلەپ ئۆتتىڭىز، بىز ھەقىقەتەن خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىنى تىبەتلىكلەرنىڭكىدەك ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلەلمەيۋاتىمىز، بۇنىڭ 3 تۈرلۈك سەۋەبى بار: بىرىنچىدىن، سىلەر خىتايدىن بىۋاستە ھالدا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغىنىڭلار ئۈچۈن، بىز بۇمەسىلىنى ھېتايغا ئاچقاندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، بۇ مەسىلىگە پەقەت يېقىن يولمايدۇ، شۇڭا بىز ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى پەقەتلا ئىنسان ھەقلىرى كاتېگورىيىسى ئىچىدىلا خىتايغا ئوتتۇرىغا قويالايمىز؛ ئىككىنچىدىن، تىبەتلىكلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ھازىر گېرمانىيىنىڭ ھەممىلا شەھەرلىرىدە دېگۈدەك گېرمانلاردىن تەركىپ تاپقان تىبەتنى ھىمايە قىلىش جەمىيەتلىرى باربولۇپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، بۇ تەشكىلاتلار ئۆزخەلقىمىز ئارقىلىق تىبەت مەسىلىسىدە ھۆكۈمىتىمىزگە بىۋاستە بېسىم ئىشلىتىپ كەلمەكتە، شۇڭا بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى ئازىراق بولسىمۇ بىجا كەلتۈرۈش مەجبۇرىيىتىمىز بولغىنى ئۈچۈن، خىتاي بىلەن بولغان سۆھبەتلەردە تىبەت مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ بۇجەھەتتىكى تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىپ كەلدۇق. تىبەتلىكلەرنى قوللايدىغان گېرمان خەلقىدىن سىرت يەنە خەلقئارا تەشكىلاتلاردىن ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىدىن ھۆكۈمىتىمىزگە كېلىدىغان بېسىممۇ ئاز ئەمەس. مانابۇ بىزنىڭ تىبەت مەسىلىسىنى كۆپرەك ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرى؛ ئۈچىنچىدىن، ھازىر تىبەتلىكلەرنىڭ سىرتتا بىرسەرگەردان ھۆكۈمىتى ۋە پارلامېنتى باربولۇپ، ئۇلار تىبەت خەلقىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلغان مۇقىم بىرئورگانغا ئىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار كەلگۈسىدە قۇرماقچى بولغان دۆلىتىنىڭ شەكلى، سىستېمىسى ھەققىدە بىردەك پىكىرگە ئىگە. ئەپسۇسكى مېنىڭ بىلىشىمچە سىزلەرنىڭ تېخى ھازىرغا قەدەر تىبەتلىكلەرنىڭكىدەك بۇنداق بىر تولۇق ۋاكالەتلىك ئورگىنىڭلار ۋە ئاپپاراتىڭلار يوق، ئۇيغۇرخەلقىگە كىمنىڭ ۋە قايسى ئورگاننىڭ ۋاكالەتلىك قىلىۋاتقانلىقى تازا ئايدىڭ ئەمەس. ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ۋە خەلقئارا سىياسى سەھنىلەردە ئۇيغۇرلار




مەسىلىسى خېلىلا كۈچلۈك شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى، گېرمانىيىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ بىردىنلا جانلىنىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز. ھۆكۈمىتىمىزمۇ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرىۋاتىدۇ، سىلەرمۇ خۇددى تىبەتلىكلەردەك ياۋروپادا پائالىيەت دائىرەڭلارنى كېڭەيتىشىڭلار، تۈرلۈك خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئالاقەڭلارنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىڭلار ۋە شۇئارقىلىق ھۆكۈمىتىمىزگە بېسىم ئىشلىتىپ، خىتايغا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى خۇددى تىبەت مەسىلىسىگە ئوخشاش پات ـ پات ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرىشىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشىڭلار كېرەك ».

كونفېرانستا مۇنازىرىگە قاتناشقان ھەرقايسى تەرەپ ۋەكىللىرى ئورتاقلىق ھالدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى تۈركۈملەپ ئۆلۈم جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتايدا سىياسى مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقان بىردىن ـ بىر رايون ئىكەنلىكىنى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىنى توختۇتىشقا بېسىم ئىشلىتىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىشتى.

# شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئىسپانىيەدە

( بېشى 1 - بەتتە )

« ياۋروپا موسۇلمانلىرى كونسىيى » چاقىرغان بۇقېتىمقى خەلقئارالىق يىغىنغا، گېرمانىيە، شىۋىتسارىيە، ئاۋۇستىرىيە، ئەنگلىيە، ئىسپانىيە، شوتلاندىيە، ماكېدونىيە، بوسنا - ھەرسەك، بۇلغارىستان، چېچەنىستان، ئامېرىكا، مالايشىيا، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، فاس قاتارلىق 16 دۆلەتتىن 300 دىن ئارتۇق موسۇلمانلار ۋەكىللىرى، ئالىم، فىراپپىسور، دوكتور ۋە مۇتەخەسسىلەر تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. بۇقېتىمقى يىغىندا نۆختۇلۇق ھالدا ناتو (شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى) نىڭ سىربىستانغا قاراتقان ھەربى ھەرىكىتى ۋە كوسوۋا موسۇلمانلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇستەملىكە ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان موسۇلمان مىللەتلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە ئىلمى مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزۈلدى.

يىغىن جەريانىدا « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش، شەرقىي تۈركىستان موسۇلمانلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئومومى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەخسۇس يازما دوكلات بەردى. ئابدۇجېلىل قاراقاش ئۆز دوكلاتىدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى، نۆۋەتتىكى سىياسى، ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادى ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، نۆختۇلۇق ھالدا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان موسۇلمانلىرىغا سېلىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى زۇلۇملىرىنى جانلىق ۋە دەلىل - ئىسپاتلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويدى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ ئىسلام ئالىمگە ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە خىتابەن مۇنداق دېدى: « نۆۋەتتە سىربىستاننىڭ كوسوۋا موسۇلمانلىرىغا قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياستىنىڭ ئەينىسى شەرقىي تۈركىستاندا داۋام قىلماقتا، چۈنكى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان موسۇلمانلىرىغا سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنىڭ، سىرپلارنىڭ كوسوۋا موسۇلمانلىرىغا سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىدىن ھېچبىر پەرقى يوق. كوسوۋا موسۇلمانلىرىنىڭ زۇلۇمدىن قۇرتۇلۇش ئۈچۈن باشقا مەملىكەتلەرگە چىقىپ كېتىش ئىمكانىيتى بار، ئەمما شەرقىي تۈركىستان موسۇلمانلىرىنىڭ بۇنداق بىر پۇرستى يوق، چۈنكى بىزگە خوشنا بولغان پاكىستان، قازاقىستان قاتارلىق ئەللەر خىتاينىڭ بېسىمىدىن قورقۇپ، خىتاينىڭ قىرغىن قىلىشىدىن ۋە ئۆتقۇن قىلىشىدىن قۇرتۇلۇش ئۈچۈن بۇ ئەللەرگە قېچىپ چىقىپ سىياسى پاناھلىق تىلىگەن شەرقىي تۈركىستانلىق موسۇلمانلارغا باشپاناھ بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۆزلىرىگە دىنداش ھەم قانداش بولغان بۇ ئۇيغۇرلارنى تۇتۇپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرمەكتە. مەسىلەن، ئۆتكەن يىلى پاكىستان شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىققان 12 ئۇيغۇرنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدى، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئۇيغۇرلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئېتىپ تاشلىدى، بۇيىلنىڭ بېشىدا قازاقىستان ھۆكۈمىتىمۇ شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىقىپ سىياسى پاناھلىق تىلىگەن 3 نەپەر ئۇيغۇرنى تۇتۇپ خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدى، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇلارنىمۇ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى، بۇيىل 4 - ۋە 5 - ئايلاردا قازاقىستان ھۆكۈمىتى يەنە شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىققان 2 نەپەر ئۇيغۇرنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىدى ۋە ئۇلارنى خىتاي



ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە ھازىرلانماقتا. بىزگە خوشنا بولغان ئىسلام ئەللىرىنىڭ بۇخىل قىلمىشى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىسلام ئالىمگە بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە ئۈمىدىنى زەيىپلەتمەكتە. شۇڭا ئىسلام ئالىمى بۇ مەسىلىگە جىددى قاراپ، بىزگە خوشنا بولغان ئىسلام ئەللىرىگە بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان موسۇلمانلىرىنى خىتايغا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىغان يۇقارقىدەك قىلمىشلىرىنى دەرھال توختۇتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك ».

ئابدۇجېلىل قاراقاش شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نۆۋەتتە قوراللىق كۆرەشلەرگە ئاتلىنىشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دېدى: « شەرقىي تۈركىستان موسۇلمانلىرى ئەزەلدىن تىنچلىقپەرۋەر خەلق، كوممۇنىست خىتاي شەرقىي تۈركىستانى ئىشغال قىلغان 50 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان خەلقىمىز تارتقان كۈلپەتلىرىنى ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى خىتاي ھاكىمىيتىگە تىنچلىق شەكلى بىلەن ئاڭلىتىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي دائىرلىرى خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە قۇلاق سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە زۇلۇم ۋە قىرغىنچىلىق سىياستىنى بارغانسىرى كۈچەيتى ۋە خەلقىمىزنى يەرشارىدىن تامامەن يوق قىلىشقا ئۇرۇندى، دۇنيا جامائەتچىلىكىمۇ خىتاينىڭ بۇخىل قىلمىشىغا تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرالمىدى، شۇڭا زۇلۇم ئاستىدا ھايۋان كەبى ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرگەن خەلقىمىز، ئاخىرى قولىغا قورال ئېلىپ خىتاي فاشىستلىرىغا قارشى جىھاد قىلىشقا مەجبۇر بولدى، بۇنىڭغا تامامەن خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمى ۋە قىرغىنچىلىق سىياستى سەۋەپچى بولدى ».



ئابدۇجېلىل قاراقاشنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە بەرگەن دوكلاتى يىغىن ئەھلىنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىدى.

4 كۈن داۋام قىلغان بۇقېتىمقى يىغىن جەريانىدا ئابدۇجېلىل قاراقاش باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ۋەكىللىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن موسۇلمانلار ۋەكىللىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە پىكىرلىشىش، ئۇچرۇر - ئالاقە ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى ۋە كۆپلىگەن تەشكىلات ھەم ئورگانلار بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش ھەققىدە تەييارلىق كېلىشىمى تۈزدى.

## « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ ئېلانى

ۋەتەنداشلىرىمىزغا يېتىپ مەلۇم بولغايكى، گېزىتىمىزنى ئىچىمۇ كەڭ ئامموۋىچانلىققا ئىگە قىلىش مەقسىدىدە، گېزىتىمىزگە سىياسى خەۋەرلەردىن باشقا يەنە، تاشقى دۇنيادا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش، ئائىلە، توي - تۆكۈن، ئوقۇش، خىزمەت، ئۆلۈم - يېتىم،... ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئىجتىمائى خەۋەرلەرنى، ئۇيغۇر يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرى، ھېكايە، ئەدەبى ئوبزور، نەسىر... قاتارلىق نادىر ئەسەرلىرىنى، ھەرقايسى كەسىپلەردىكى ئالىم مۇتەخەسسىلىرىمىزنىڭ ۋە دىنى ئەرباپلىرىمىزنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە، ئېكولوگىيە، ئارخىلوگىيە، دىن... قاتارلىق تۈرلۈك كەسىپلەر مەزمۇن قىلىنغان ئىنچام ئىلمى تەتقىقات ئەسەرلىرىنى مۇۋاپىق شەكىلدە بېرىشنى قارار قىلدۇق. ئەگەر پۇرسەت، رومان ۋە شېئىرلار توپلىمىغا ئوخشىغان چوڭ تىپتىكى نادىر ئەسەرلەر بولسا، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ئۇنىڭ نەشر قىلىنىشىغا مۇۋاپىق تۈردە ياردەم قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسىدىمىز، چەتئەلدە ياشاۋاتقان يازغۇچى - شائىرلىرىمىزغا ئىچىمۇ ئازادە موھىت يارىتىپ بېرىش ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گېزىتىمىز تىجارەت ۋە ئىجتىمائى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئېلانلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ گېزىتىمىزنى يۇقارقى مەزمۇنلاردىكى تۈرلۈك ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ باشلىقى ۋە

« ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ ساھىبى ئابدۇجېلىل قاراقاش

## شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە تەيۋەن ۋەكىللىرى ئامېرىكىدا بىرئارىغا كەلدى

« ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى » نىڭ رەئىسى غۇلامىدىن ئەخمەت پاختىنىڭ ئامېرىكىدىن بەرگەن خەۋىرى: بۇيىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىق تەرەپدارلىرى ۋەكىللىرى ئامېرىكىنىڭ ئورلاندو شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خىتاي مەسىلىسى ھەققىدىكى خەلقئارا كونفرانستا بىرئارىغا كېلىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقىغا ئورتاق قارشى تۇرۇش ۋە خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىش ستراتېگىيىلىرى ھەققىدە كەڭ دائىرىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

ئامېرىكىدىكى « كوممۇنىست خىتايغا قارشى ئامېرىكا گەرەۋدانى » دىگەن تەشكىلاتنىڭ ساھىپخانلىقىدا چاقىرىلغان بۇقېتىمقى كونفرانسقا شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ پەخرى رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن، مەركىزى ئىستانبۇلدىكى « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى ئىجرائىيە كومىتېتى » نىڭ رەئىسى ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر، « ئامېرىكا ئۇيغۇرلار بىرلىكى » نىڭ رەئىسى غۇلامىدىن ئەخمەت پاختا ۋە ئۇنىڭ بىرقىسىم ئەزالىرى، ئامېرىكىدىكى « تەكلىماكان ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى جەمىيىتى » نىڭ مەسئۇللىرى، ياپونىيەدىكى « ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار جەمىيىتى » نىڭ رەھبەرلىرى، ئامېرىكا « تەڭرىتاغ ئوقۇغۇچىلار جەمىيىتى » نىڭ مەسئۇللىرى، كانادا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. كونفرانستا ئارقا - ئارقىدىن سۆزگە چىققان ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىلەر، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سودا توختىمى تۈزۈش نىقاۋى ئاستىدا ئامېرىكىنىڭ موھىم دۆلەت ئورگانلىرىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغانلىقىنى، ھەتتا مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ ئامېرىكىنىڭ سايلاملىرىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى، بەزى ئامېرىكا گەرەۋدانلىرىنى پۇل بىلەن سېتىۋېلىپ، ئامېرىكىنىڭ مەخپى يۇقىرى تېخنىكىللىرىنى ۋە ئاتوم قورالىرى مەخپىيەتلىكلىرىنى ئوغرىلايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى بايان قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بولمىغان مىللەتلەرگە قاراتقان زۇلۇم سىياسىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت قاتارلىق رايونلاردىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئېغىر ھالدا دەپسەندە قىلىپ، بۇخەلقلەرنى تامامەن يوق قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈشتى.

كونفرانستا « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ پەخرى رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن ۋە « ئامېرىكا ئۇيغۇرلار بىرلىكى » نىڭ رەئىسى غۇلامىدىن ئەخمەت پاختا شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن سۆزقىلىپ، يىغىن ۋەكىللىرىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە ئۆۋەتتىكى ئومومى سىياسى ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق ۋە تەپسىلى مەلۇمات بەردى ھەمدە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ ۋە مۇخبىرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا تەپسىلى جاۋاپ بەردى. ئۇندىن باشقا يەنە تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە تەيۋەن ۋەكىللىرىمۇ سۆز قىلىپ، نۆۋەتتە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندى قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ خىتاينىڭ بۇخىل قىلمىشىغا قارىتا دەل ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇشى لازىملىقىنى بايان قىلىشتى. كونفرانس جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە تەيۋەنلىك مۇستەقىلچىلەرنىڭ ۋەكىللىرى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزئارا ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، كوممۇنىست خىتايغا قارشى ئورتاق ستراتېگىيە، ھەرىكەت پىلانى تۈزۈپ چىقىش ۋە خەلقئارا سىياسى سەھنىلەردە بىريەكدىن قول چىقىرىپ، خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرىنى كۈچلۈك شەكىلدە پاش قىلىش ھەمدە شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە تەيۋەن خەلقلىرىنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىش قاتارلىق پىرىنسىپال مەسىلىلەردە بىردەك پىكىرگە كېلىشتى.

كونفرانس ئاخىرلاشقاندا، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە تەيۋەنلىك مۇستەقىلچىلەر ۋەكىللىرى ئورتاق بايانات ئېلان قىلدى ھەمدە بۇ ئورتاق باياناتنى ئىنتېرنەت تورى ۋە ئاخبارات ئورگانلىرى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا يوللىدى.

باياناتتا قىسقىچە مۇنداق دېيىلگەن:

« ئورلاندو كونفرانسىغا قاتنىشىۋاتقان بىز ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇل ۋە مۇستەقىل تەيۋەنچىلەر ۋەكىللىرى، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بىزلەر توغرۇلۇق تاشقى دۇنيادا، جۈملىدىن ئامېرىكىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشۋىقاتلىرىنىڭ تامامەن يالغان ۋە ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى ھەمدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىزنىڭ ئەسلى ھەققى تارىخىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى ۋە مىللى سەنئىتىمىزنى ساختىلاشتۇرۇشىغا ۋە بۇرمىلىشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى جاكالايمىز! شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز، ئۆزتەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلەش ھوقۇقىمىزنى قولغا ئېلىش ئارزۇيىمىزنى بىرلىكتە پۈتۈن دۇنياغا بىلدۈرىمىز!».

## ئامېرىكىدا شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە تەيۋەنلىكلەر خىتايغا قارشى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى

« ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى » نىڭ رەئىسى غۇلامىدىن ئەخمەت پاختىنىڭ ئامېرىكىدىن بەرگەن خەۋىرى: بۇيىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئامېرىكىنىڭ ئورلاندو شەھرىدە خەلقئارالىق يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان 50 تىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە تەيۋەنلىك مۇستەقىلچىلەر ۋەكىللىرى ھەمدە ئامېرىكا ئالىملىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئورلاندو شەھرىدە تەسىس قىلغان « جەننەت شەھرى » ناملىق يەرمەنكە مەركىزىنىڭ ئالدىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرىغا قارشى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تەيۋەنلىك مۇستەقىلچىلەرنىڭ بۇقېتىمقى نامايىشقا قاتنىشىشى، ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇيان تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستانلىقلار بىلەن بىرگە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى بىرلەشمە نامايىشقا ئىشتىراك قىلىشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

نامايىشقا قاتناشقان ھەرقايسى تەرەپ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىق بايراقلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، « بىز ئۆز يۇرتىمىزغا ئۆزىمىز ئىگە بولۇشنى ئىستەيمىز! »، « خىتايلار شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستاندىن چىقىپ كەتسۇن ! »، « بىز ئۆزتەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلەپ، ھۆر - مۇستەقىل ياشاشنى ئارزۇ قىلىمىز ! » دىگەن مەزمۇنلاردا جاراڭلىق شوئار توۋلاپ، ئەتراپتا نامايىشنى كۆزىتىپ تۇرغان ئامېرىكىلىقلارنى ئالاھىدە ئۆزلىرىگە جەلپ قىلدى. بۇقېتىمقى نامايىش توپ - توغرا 3 سائەت داۋام قىلدى.



## قازاقىستاندا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھەيكىلى

ئۆزمۇخبىرىمىزنىڭ قازاقىستاندىن بەرگەن خەۋىرى : بۇيىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئۇيغۇر ناھىيىسىنىڭ 4 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدىغان چوڭ ئاقسۇ يېزىسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبىياتىنىڭ ئاساسچىللىرىنىڭ بىرى، ئاتاقلىق شائىر ۋە مىللى كۆرەشچىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھەيكىلى تۇرغۇزۇلدى. قازاقىستاننىڭ ئۇيغۇر ناھىيىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ياش تىجارەتچى مۇھىدىن جالالىدىن تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەيكەلنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا، مەرھۇم لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ سىڭلىسى رەيھان ھەدە، خانىمى سويىيەم، ئىنىسى كەشپۇللا ۋە قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستانلاردىن كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ ئىككىمىڭغا يېقىن كىشى قاتناشتى. مەرھۇمنىڭ ھەيكىلى ئىككى مېتىرئېگىزلىكتىكى گرانىت تاشنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلدى.

شائىر ۋە مۇجاھىدلۇ لۇتپۇللا 1945 - يىلى 18 - سېنتەبىردە ئاقسۇ شەھرىدە خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن. مەرھۇم ھايات چېغىدا ئۆزىنىڭ كۆيلىگەن مەشھۇر جەڭگىۋار شېئىرلىرى ۋە ئەدەبى ئەسەرلىرى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ مىللى روھىنى ئۇرغۇتۇشتا ۋە ئۇلارنى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە قارشى كۆرەشكە قوزغاشتا ناھايىتى موھىم رول ئوينىغان ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆيلىگەن ئۆلمەس نادىر شېئىر ۋە ئەسەرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

# خەلقئارا قانۇنلار، نىزامنامىلار، خىتاپنامىلار، ئەھدىنامىلار، پىرىنسىپلار ۋە باياننامىلار

*ئىزاھات : ئىزۋەندە دىققەتچىلارغا سۇنماقچى بولغىنىمىز، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمىي باياننامىسى » نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نەشر قىلىپ تارقاتقان « خەلقئارالىق ھۆججەتلەر توپلىمى » دېگەن كىتابتا بەرىلگەن خەلقئارالىق قانۇن ۋە پىرىنسىپلاردىن ئىبارەت. گېزىتىمىزنىڭ سەھىپىسىنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئالدى بىلەن بىز بۇ قانۇنلارنىڭ نامىنى ۋە ئېلان قىلىنغان ۋاقتىنى دىققەتچىلارغا سۇنىدۇق. رەت تەرتىۋى ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نەشر قىلغان كىتابتىكى رەت تەرتىۋىگە ئاساسەن تىزىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن گېزىتىمىز مۇمكىن بار بۇ قانۇنلارنىڭ تولۇق مەزمۇنلىرىنى تولۇق خەۋەردار قىلىشقا تىرىشىدۇ. تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بەزى ئۇقۇسالارنىڭ بولۇشى تەبىئى، شۇڭا سىزلەرنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى ئۈمىت قىلىمىز. ( بېشى ئۆتكەنكى سانلىرىمىزدا)*

## 37. « جىنايەت سەۋەبىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئادىل بىرتەرەپ قىلىنىشىغا دائىر ئاساسى پىرىنسىپلار ھەققىدە خىتاپنامە »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1985- يىلى 11- ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى 34/ 40 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللانغان. بۇخىتاپنامە جەمئى 21 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 38 . « ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئاساسي پىرىنسىپلىرى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1985- يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى 32/ 40 - نومۇرلۇق قارارى. بۇ پىرىنسىپ 20 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 39 .« توي قىلغان ئاياللارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ئەھدىنامىسى »

بۇئەھدىنامە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1957- يىلى1 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى 1040 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللاندى ھەمدە 1958 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 12ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 40. « دۆلەت تەۋەلىكى بولماسلىق ھالىتىنى ئازايتىش ئەھدىنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1954 - يىلى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى 896 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن، 1961 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى رەسمى ماقۇللاندى ھەمدە 1975 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 21 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 41. « دۆلەت تەۋەلىكى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئورنى ھەققىدە ئەھدىنا مە »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى كومىتېتى يىغىنىنىڭ 1954 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى 526 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن، 1954 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى رەسمى ماقۇللاندى ھەمدە 1960 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 6 قىسىم ۋە 42 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 42. « مۇساپىرلارنىڭ ئورنى ھەققىدە ئەھدىنامە »

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1950 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى 429 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن، 1951 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى رەسمى ماقۇللاندى ھەمدە 1954 - يىلى 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 7 قىسىم ۋە 46 ماددىدىن تەركىپ تاپقان.

## 43. « مۇساپىرلارنىڭ ئورنى ھەققىدە كېلىشىمنامە »

( بۇ كېلىشىمنامە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى كومىتېتىنىڭ 1966 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18- كۈنىدىكى 1186 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن قىسمەن ماقۇللاندى ھەمدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 1966 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى 2198 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن تولۇق ماقۇللاندى ۋە 1967 - يىلى 10- ئاينىڭ 4 - كۈنى رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇكېلىشىمنامە 11 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 44. « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇساپىرلار ئالى كومىتېتى نىزامى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1950- يىلى 12- ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى 428- نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللاندى. بۇنىزام جەمئى 3 قىسىم ۋە 22 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 45. « زىمىن ھامىيلىكى خىتاپنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1967 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى 2312 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللانغان بولۇپ، بۇ خىتاپنامە جەمئى 4 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 46. « غەيرى مەملىكەتلەردە ئولتۇراقلاشقان پۇخرالارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى خىتاپنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەرتەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئالغان 40/144 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللانغان بولۇپ، بۇخىتاپنامە جەمئى 10 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 47. ئاخبارات ئەركىنلىكى بويىچە « خەلقئارا تۈزىتىش ھوقوقى ئەھدىنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1952- يىلى 12- ئاينىڭ 16- كۈنىدىكى 630 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن تارقىتىلدى ۋە 1962- يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 14ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 48. « جەمئىيەتلەرگە ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكى ھەم تەشكىلاتلىنىش ھوقوقىنى قوغداش ئەھدىنامىسى »

( خەلقئارا ئەمگەكچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ 31 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا 1948 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ماقۇللاندى ۋە 1950 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە 21 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 49. « تەشكىلاتلىنىش ھوقوقى ۋە ئورتاق ئالاقىلىشىش ھوقوقى ئەھدىنامىسى »

(خەلقئارا ئەمگەكچىلەرتەشكىلاتى قۇرۇلتىيىنىڭ 32 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا 1949 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ماقۇللانغان ۋە 1951 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئەھدىنامە جەمئى 16 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 50. « ئىشچىلار ۋەكىللىرى ئەھدىنامىسى »

( خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى قۇرۇلتىيىنىڭ 56 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا 1971 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ماقۇللاندى ۋە 1973 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 14 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 51. « ئىشچىلار بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ مۇناسىۋەت ئەھدىنامىسى »

( خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى قۇرۇلتىيىنىڭ 64 - قېتىملىق يىغىنىدا 1987 - يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ماقۇللاندى. بۇ ئەھدىنامە 5 قىسىم ۋە 17 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 52. « ئىشقا ئورۇنلىشىش سىياستى ئەھدىنامىسى »

( بۇ ئەھدىنامە خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى قۇرۇلتىيىنىڭ 48 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا 1964 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ماقۇللاندى ۋە 1966 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە 11 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

(داۋامى كېيىنكى سانىدا)

شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى نەشر قىلدى

ۋەتەندىن كەلگەن خەت: « قىساسىمنى چوقۇم ئېلىڭلار ! » ۋەتەندىن كەلگەن خەت:

( تەھرىردىن ئىزاھات: تۆۋەندە دىققىتىڭلارغا سۇنماقچى بولغىنىمىز، ھېچبىر گۇناھسىزلا خىتاي فاشىستلىرى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان دەھشەتلىك قىيناشلارغا دۇچار بولغان بىر ئۇيغۇر ياشتىن كەلگەن مەكتۇپنىڭ ئەينەن تەپسىلاتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خەتتە خىتاي فاشىستلىرىنىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدىكى تاشقىرىغا تېخى ئانچە تولۇق بىلىنمىگەن ئاجايىپ ۋەھشىلىكلەر ناھايىتى تەپسىلى بايان قىلىنغان. بىز ئۇنى ئوقۇش ئارقىلىق، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ نەقەدەر رەھىمسىز، نەقەدەر قانخور ئىكەنلىكىنى ۋە خەلقىمىزنىڭ نەقەدەر ئازاپ - ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. )

مېنىڭ ئىگەللىشىمچە ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا ناھىيە دەرىجىلىك تۈرمىلەرنى قوشقاندا جەمئىي 145 يەردە تۈرمە، 30 يەردە « ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەيدانى» باربولۇپ، ئۇلاردا جەمئىي 250 مىڭ مەھبۇس قاماقلىق. بۇلارنىڭ ئىچىدە سىياسى مەھبۇسلارنىڭ ئۆزىلا 150 نەپەر بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا يەنە قاتىل، ئەتكەسچى، بۇلاڭچى، باسقۇنچى، ئوغرى... قاتارلىقلارمۇ بار.

مەسلەن، قاراقاش ناھايە پۇچاقچى يېزا توپاق ئاچىنى كەنتىدىن تۇرسۇن ئاخۇن داۋاز؛ ئىمىن داۋازلار 91 - يىلى ، « تىك ئۇچار ئايروپىلان ياساشقا ئۇرۇنغان » دېگەن كۈلكىلىك بەدنام بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 15 يىللىقتىن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، ھازىر ئۇلار كېرىيە ناھىيە « قاراخان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى » دا ئىشلەۋاتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەر تۈرمىدە ياتماقتا. ھەتتا « تاغدىكى ئالتۇننى ئوغورلۇقچە قازغان»، « دەريادىكى قاش تېشىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرماي ئۆزى ساتقان » دېگەندەك تۆھمەتلەر بىلەن نەچچە يىل تۈرمىدە ياتقانلارمۇ كۆپ.

شەرقىي تۈركىستاندا يىلىغا چوڭ تۈرمىلەردە 20 دىن 30 غا قەدەر، كىچىك تۈرمىدە 5 دىن 10 غا قەدەر كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. پەقەت ئۈرۈمچى لىيۇ داۋان تۈرمىسىدىلا خىتاي ساقچىللىرى مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلغىنى ئۈچۈن « سىياسىي جىنايەتچى » دەپ قامالغان نۇرغۇن ياشلارنى ئۇرۇپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈش، توككا چېتىپ ئۆلتۈرۈش، ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈش، ئېسىپ قويۇپ ئۆلتۈرۈش... قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئېيىغا 20 دىن 30 غا قەدەر مەھبۇسنىڭ ئۆلىگىنى ئىز - دېرەكسىز باشقا يەرگە ئاپىرىپ كۆمۈپ قويىدۇ. ئەتىسى ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن مەھبۇسنىڭ ئۆيىگە 8 - 10 ساقچى بېرىپ قورقۇتۇپ، « بالاڭ قاچتى، نەگە يوشۇردۇڭ ؟ » دەپ ئاتا - ئانىسىنى ئۇرۇپ - قىيناپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا ئىز - دېرەكسىز ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ.

مەسلەن، بۇنىڭ ئىچىدىن بىر قانچە كىشىنى مىسال قىلىپ ئۆتەي: 1996 - يىلى 2 - ئايدا شايار ناھايىسىدىن تۇتۇپ كەلگەن ئەكرەم تۇرسۇننى شۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرۈپ يوق قىلدى. ئەكرەم تۇرسۇن شايار ناھىيە قويبۇلۇڭ يېزا چىمەن كەنتىدىن بولۇپ، 24 ياش، ئۇ قاغىلىقتا دىنى مەكتەپتە ئوقۇغان تالىپ. خىتاي ساقچىللىرىنىڭ ئۇنى ئۇرۇپ - سوقۇپ ھەممە يېرىنى قان قىلىپ سۆرەپ ئەكىرگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. 3 كۈندىن كېيىن ئۇنى يېنىمىزدىكى كامىرغا يۆتكىدى. يۆتكەپ ئىككى كۈندىن كېيىن، كېچە سائەت 2 دە «گۇلدۇر - گۇلدۇر» قىلغان ئاۋاز چىقتى، كېيىن بۇ ئاۋاز يوقالدى. ئەتىسى « ئەكرەم تۇرسۇن قاچتى » دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدۇق، پۇتى پۇتۇنلەي سۇنغان، ھەتتا پۇتىنى تىكلىسە پۇتى لوق گوشتەك پولتۇڭشۇپ تۇرىدىغان ، تاياقنىڭ دەستىدىن ئاغزى - بۇرنى ئىششىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان ۋە ئىككى قولى جەينىكىدىن ئاجرىتىلغان ھەم ئۆلەيلا دەپ قالغان بىرسىنى ئىككى كۈندىن كېيىن « قاچتى » دېسە، بۇنىڭدىن كىممۇ شۈبھىلەنمەيدۇ؟

يەنە ئۆز كوزۈم بىلەن كۆرگىنىم، توقسۇن ناھىيە يىلانلىق يېزا قۇمبوي كەنتىدىن نىياز ئابدۇللا، 22 ياش، ئۇ تۇرپاندىكى شاھمەردان داموللامنىڭ قولىدا ئوقىغان. ئۇقسام ئۇ ، « توقسۇن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا بومبا قويغان » دەپ تۇتۇپ كېلىنگەن بالىكەن. 1997 - يىلى 4 - ئايدا بىزبار تۈرمىگە كىرگەن بۇ بالا، « مەن بومبا قويمىدۇم » دەپ تاكى 6 - ئايغا قەدەر شۇنداق دەپ تۇردى، ئۇ بالا كۈن بويى ، « ماڭا ناھەق بولدى، مەن بومبىنى نەدىن تاپاي ؟ مەن بومبا دېگەننى كۆرۈپمۇ باقمىغان » دەپ سۆزلەپ بېرەتتى. خىتاي ساقچىلار بۇبىچارىنىمۇ كۈنبويى شۇنداق ئۇرۇپ - قىيناپ، بىر كىشىلىك ئۆيگە 3 ئاي سولاپ، سۇ ۋە نان بەرمەي، 18 كۈندىن كېيىن ئۇنىمۇ « قاچتى » دەپ ئۆلىگىنى كېچىدە ئاچىقىپ كۆمۈۋېتىپ، ئەتىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، « بالاڭ قاچتى » دەپ ئۆيدىكىلەرنىمۇ ئۇرۇپ قىيىنىغان. مەن بۇ تۈرمىدە يېتىش جەريانىدا مەن بىلەن بىرگە ياتقان 3 سىياسىي مەھبۇسنى شۇنداق ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ھەتتا قەييۇم تۇردى دېگەن كۈچالىق بىر بالا تۈرمىدە سيەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. چۈنكى ساقچىلار ئۇنىڭ جان يېرىگە كاۋاپ پۇشۇرىدىغان سىمنى تىققان ئىكەن ، ئالدى ئىششىپ كۆكىرىپ، سيەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەم بەلكىم ھېچكىم ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن، بىراق كۆرگەن ئادەم ئۇندىن كېيىن ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ جا ن يېرىگە سىمنى تىققان جاللات ئۈرۈمچى ساقچى ئىدارىسى سىياسىي بۆلۈمنىڭ ساقچىسى مويدىن سادىر بولۇپ، ئۇ مۇناپىقنى بۇ يىل. يەنى 1998 - يىلى بىرسى ئۆيىگە كىرىپ خوتۇن - بالىسىغا ۋە ئۆزىگە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

مەن ياتقان كامىردا 10 كىشى ياتىمىز، كەڭلىكى 4 مېتىر. ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىر كېلىدىغان بۇ كامىردا شۇنچە دەھشەتلەرنى كۆردۈم. پۈتۈن تۈرمىدە مۇشۇنداق كامىردىن 60 ئى بار، بۇ كامىرلار 6 خوزىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر - بىر خوزىدا 10 دىن ئۆي بار، باشقا خوزىلاردىمۇ بۇنداق ئۆلۈملەر كۆپ، بۇنىمۇ ئاڭلاپ تۇرىمىز، چۈنكى ئايدا بىر قېتىم باشقا ئۆيدىكى مەھبۇسنى باشقا ئۆيلەرگە ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، ئەنەشۇ ئالمىشىپ كىرگەن ئادەملەردىن ئاڭلايمىز. ئوغرى - قاتىللارغا ئاش - نان كۆپ، بىراق سىياسىي جىنايەتچى دېگەنلەرگە ئەتىگەندە بىر تال موما، چايمۇ يوق، كەچتە بىر چىنە سېسىق ئۇماچ بېرىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدىكى قىيناش - ئۇرۇش ئىشلىرى بەلكىم بۇ دۇنيادا بولماسلىقى مۇمكىن، ئىنسان ھەقلىرى پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەرگە بولغان بىلەن، بىز شەرقىي تۈركىستانلىق خەلق ئىنسان ھەقلىرى دېگەن نەرسىنى ئۇقمايمىز، چۈنكى بىزنىڭ ھېچقاچان ھەققىمىز بولۇب باقمىغان، ھېچقاچان ئەركىن بولۇپ باقمىدۇق، ئاللا خالىسا بىر كۈنى بوب قالارمىز!

ئۇ يەردىكى ئادەم قىينايدىغان قۇراللار ئاساسەن : توك كالتىكى، مېڭىگە چاتىدىغان يالىڭاچ سىم، ئاسىدىغان قاماق، ئىككى قولنىڭ ئون بارمىقىغا پاتىدىغان تۆمۈر قىسقۇچ، جان يېرىگە تىقىدىغان كىچىك زىخ، تىلنى ۋە جان يېرىنى قىسىدىغان ئامبۇر، ئىككى قولنى كەينىگە قىلىپ، بىر قولنى بېقىنىدىن ، يەنە بىر قولنى دولىسىدىن چىقىرىپ ئىككى قولنى بىرلەشتۈرۈپ ئارلىقىغا تىقىدىغان پىششىق كېسەك، ئىككى تىزنىڭ ئارقىسىغا توغرا قويىدىغان چوڭ لوتودەك ياغاچ، ئۇنى خىتايچە « گاڭزا » دەپ ئاتايدۇ. يەنە ئاستىغا سۇ سېپىپ ھۆل يەردە ئولتۇرغۇزۇپ تاڭىدىغان ئىنچىكە سىم، ئوڭدىسىغا ياتقۇزىدىغان باشىنىڭ ئۇكىدەك مىخ قېقىلغان ياغاچ تاختا، يەنە قىزىتىپ ياتقۇزىدىغان تۆمۈر تاختا، بويۇنغا سالىدىغان ئىككى قولىنىڭ ئۇچىغا سالىدىغان ئېغىرلىقى 2 كىلو كېلىدىغان تۆمۈر تاقاق... يەنە تۆپىسىگە مىخ قېقىلغان ئولتۇرغىلى بولمايدىغان ئورۇندۇق بولۇپ، مەن تونىمايدىغان بىر نەچچە خىل سايمان باركەن. ئۆينىڭ ئىچىگە يېشىل چىراق ياقىدىكەن، چۈنكى جىنايەتچى ئۆزىنى ئۇرغان - قىيىنىغان ئادەمنى كۆرمىسۇن دەپ شۇنداق قىلىدىكەن.

ھازىر ئۈرۈمچى شەھرىدىكى تۈرمىلەر « سىياسىي جىنايەتچى » دەپ ئاتالغان بىگۇناھ كىشىلەر بىلەن تولۇپ كېتىپ، تۈرمىدىكى باشقا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسيون مەركىزى » نەشر قىلدى

ۋەتەندىن كەلگەن خەت:

# «قىساسىمنى چوقۇم ئېلىڭلار !»

ۋەتەندىن كەلگەن خەت:

كورلىغا ئېلىپ كەتتى. ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە خاس «سىياسىي جىنايەتچى» دەپ ئاتالغان بىگۇناھ ئادەملەر قالدى.

مەن ئۈرۈمچىدىن بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي، ئەمما ھېچقانداق كىشىگە بىلدۈرمەيدىغان مەخپىي تۈرمىلەرمۇ كۆپ.

ئاشكارە تۈرمە:

1 . «ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىرىنچى تۈرمە» (ئورنى - ئۈرۈمچى ئەرگۇڭدا )

2 . «باجاخۇ تۈرمىسى» (ئورنى - ئۈرۈمچى باجاخودا )

3 . «ئىككىنچى تۈرمە (ئورنى - ئۈرۈمچى ئەرگۇڭدا )

4 . «ئۈچۈنچى تۈرمە (ئورنى - ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ قېشىدا)

5 . «دادۇيىيوفو تۈرمىسى» (ئورنى - ئۈرۈمچى دادۇيىيوفودا )

6 . «تىيانشان رايونلۇق تۈرمە(ئورنى - ئۈرۈمچى خوگيەنچىدا )

7 . «سايباغ پىنجۈي تۈرمىسى (ئورنى - ئۈرۈمچى خوگسەندە )

8 . «شىمگو پىنجۈي تۈرمىسى ( ئورنى - ئۈرۈمچى ۋېيخولىياگدا )

9 . «يېڭىشەھەر رايون تۈرمە» (ئورنى - ئۈرۈمچى ئەرگۇڭدا )

10 . «ئاپتونوم رايونلۇق بىرىنچى تۈرمە» (ئورنى - ئۈرۈمچى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ يېنىدا )

11 . «ئاپتونوم رايونلۇق سۇ تۈرمىسى» ( ئورنى - ئۈرۈمچى تىك قۇدۇقتا )

12 . «ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىرىنچى تۈرمە» ( ئورنى - ئۈرۈمچى نەنزىگونىڭ يېنىدىكى تاغدا )

13 . «ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 - تۈرمە» ( ئورنى - ئۈرۈمچى ياڭ مو سەندە )

14 . «ئۈرۈمچى ناھىيىلىك تۈرمە» (ئورنى - ئۈرۈمچى پوكاڭ يولىدا )

15 . «ئاپتونوم رايونلۇق بىخەتەرلىك نازارىتى تۈرمىسى» (ئورنى - ئۈرۈمچى كۆن خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ يېنىدا )

16 . «بىخەتەرلىك نازارىتى ئېغىر جازا تۈرمىسى» (ئورنى - ئۈرۈمچى ۋۇجيا چۈيدە )

17 . «بىخەتەرلىك نازارىتى مەخپىي تۈرمىسى» (ئورنى - مىيچۈەن ناھىيە ياماگودا )

18 . «بىخەتەرلىك نازارىتى مەخپىي جازالاش تۈرمىسى» (ئورنى - داۋانچىڭ تەرەپتىكى تۇز كۆلدە )

19 . «ئاپتونوم رايونلۇق تەييارلىق سوراق تۈرمىسى» (ئورنى - ئۈرۈمچى شىبەنلىياگدا )

20 . ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەنجۇەنجۇ تۈرمىسى. ( شور بۇلاقتا )

21 . « ئاپتونوم رايونلۇق چوڭ تۈرمە» ( ئورنى - ئۈرۈمچى ئولانبايدا )

22 . «ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي جىنايەتچىلەرنى ئېغىر جازالاش تۈرمىسى» (ئورنى - ئۈرۈمچى لىيۇ داۋاندا )

يۇقارقىلاردىن باشقا يەنە لىيۇ داۋاندا ئۈچ يەردە ۋە ئولانبايدا ئۈچ يەردە تۈرمە بار. مېنىڭ بىلىدىغان تۈرمىلىرىم مۇشۇ.

ئەندى تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتكەن كۇچار ناھىيە خالىقتام يېزىسىدىن قادىر قارىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا تۈرمىدىكى بىر سەبدىشىغا دەپ بەرگەن سۆزىنى سىلەرگە ئەينەن دەپ بەرمەكچىمەن، بۇ قادىر قارى شاياردىكى تۈرمە ۋەقەسىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، 96 - يىلى يازدا ساقچىلار ئۇنى كۇچاردىن تۇتۇپ، ئۈرۈمچى تىك قۇدۇقتىكى سۇ تۈرمىسىگە سولىغانىكەن. ئۇنى سۇ تۈرمىسىدە ناھايىتى قاتتىق قىيناپتۇ. ئۇ، تۈرمىدىكى كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە سەبدىشىغا تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى :

**«كەڭلىكى ئىككى مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، ئېگىزلىكى تۆت مېتىر كېلىدىغان تۆت چاسا سىمونت كاتەك ئۆي بارئىكەن، ئۇ ئۆي يەرئاستىدا** ئىكەن. ئۇ يەرگە تەخمىنەن بىر مېتىر يىگىرمە سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا سۇ توشقۇزۇلغانىكەن، تۈرمىدىكى ھەر خوزىدا بۇ كىچىك كاتەك ئۆيدىن 6 سى بار بولۇپ، ھەممىسىگە سۇ توشقۇزۇلغلۇق ئىكەن، ھەممىسىدە ئادەم بارىكەن، ھەر بىرىگە بىردىن ئادەم سولايدىكەن.

مېنى سولىغان چاغدا ئوڭ قولۇمنى ئارقامدىن، سول قولۇمنى ئالدىمدىن چاتارىقىمغا قىستۇرۇپ كويزا سالدى، پۇتنى چىقىرىۋالمىسۇن دەپ، پۇتۇمغا 20 كىلو ئېغىرلىقتا كىشەن سالدى، ئۇندىن كېيىن بوينۇمغا قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر كېلىدىغان تۆمۈر ھالقا سالدى. ھالقىنىڭ ئۈچىنى زەنجىردە باغلاپ، بۇ زەنجىرنىڭ ئۈچىنى سۇ قاماقخانىسىنىڭ يۇقۇرىدىكى تۆمۈر ئىشىكگە مەن ئۆلۈپ قالمىغۇدەك دەرىجىدە ئېسىپ قويدى. ساقچىلار، «بۇنداق قىلمىساق كاللىسىنى سۇغا تىقىپ ئۆلىۋالىدۇ» دەپ، شۇنداق قىلىپ سۇغا تاشلايدىكەن. مېنى ئىككى قولتۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ قوساق بىلەن قوشۇپ يۆگەپ تۇرىدىغان يۇمشاقراق خىرۇمغا ئوخشايدىغان نەرسە بىلەن باغلاپ سۇغا تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇ تۈرمىسىدە يېتىش ھاياتىم باشلاندى. ھەر كۈنى 5 قېتىم مېنى سۇدىن تارتىپ چىقىرىپ تاماق بېرىدۇ ۋە ھاۋالاندۇرىدۇ، يەنە سوراق قىلىپ بولۇپ يەنە سولايدۇ. بۇ جەرياندا مېنى تاياق بىلەن ئۇرماي، توك سىمىنى چېتىپ قىينايدۇ، ئەگەر تاياق بىلەن ئۇرسا، ئادەمنىڭ بەدىنى زىدە بولۇپ قالسا ئۇ ئادەمنى توككا چېتىلغان سۇغا سالغان چاغدا، ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن زىدە قىلماي توككا چېتىپ قىينايدۇ. كۈن بويى سۇدا ياتسا ئادەمنىڭ پۈتۈن بەدەن - ئەزايى ئاپپاق خېمىرغا ئوخشاپ قالىدىكەن. شۇنداق قىلىپ 13 كۈن سۇ تۈرمىسىدە ياتتىم. ئۇندىن كېيىن مېنى قۇرۇق تۈرمىگە يۆتكىدى. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم شۇكى، مەن ياتقان سۇ تۈرمىسىدە 4 ئادەم ئۆلدى. ھەر كۈنى سۇ تۈرمىسىدە ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايمىز، بىرسائەتتە بىر قېتىمدىن «تىرىكمۇسەن ؟ تېخى ئۆلمىدىڭمۇ ؟» دەپ سوراپ قويىدۇ، بىز كاللىمىزنى كۆتۈرۈپ يۇقۇرىدىكى ساقچىغا قارايمىز. ئەگەر ساق تۇرۇپ قارىمىساق، ئىككى سائەت جازا ئۈچۈن زىيادە قالىمىز. ئەگەر مۇشۇ قىيناشتا ئۆلىۋېلىشقا مۇمكىن بولسا دەرھال ئۆلىۋالاتتۇق، چۈنكى جان قېيىنلىپ چىققۇچە، ئىشتىك چىققىنى ياخشىدە. ئاداش، مەن ھازىر ساق ئەمەس، بۇ قىيناش ۋە تاياق زەربىسىدىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، ئەگەر سىلى تۈرمىدىن چىقسىلا كۇچارغا بېرىپ ئانام ۋە دادام بىلەن كۆرشۈپ قويۇڭلار، مەن چوڭ بولغاندىن بېرى ئاتا - ئانامنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلالمىدىم، مەندىن رازى بولسۇن، ماڭا پەقەت يىغلىمىسۇن، مەن شۇ چاغدا گۆرۈمدە خاتىرجەم ياتىمەن. يەنە سىلىگە ئامانەت گەپ، ۋەتەن - مىللەت يولىدا ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلماقچى بولغان جىمى دوستلارغا دەپ قويۇڭلار، ئاللاھ يولىدىكى جىھادنى توختاتمىسۇن، بىراق كوممۇنىست زالىملارنىڭ قولىغا مۇتلەق تىرىك چۈشمىسۇن، ئىنسان بەرىبىر ئۆلىدۇ، بىراق بالدۇر - كېيىن ئۆلىشىدە. مەن تۈرمىگە كىرىپ ئىمانىم بەك كۈچىيىپ كەتتى، ئاللاھ ماڭا شۇنچە كۆپ سەۋرى ئاتا قىلدى. قىلغان ئىشىمغا مۇتلەق پۇشمان ئەمەسمەن، چۈنكى مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتە نەق ئالىمەن ئەمەسمۇ ! ئىككى كىچىك ئىنىم بار، ئۇلارغا دەپ قويۇڭلار، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە مېنىڭ قىساسىمنى ئالسۇن ! قورۇقمىسۇن، ئەگەر كوممۇنىستلارنىڭ زۇلمىنىڭ ماڭا قىلغان زۇلمىنىڭ ئوندىن بىرىنى سىرتتا يۈرگەن ئادەمگە قىلسا چوقۇم ئۆلۈپ كېتىدۇ، چۈنكى تۈرمىدىكى كىشىلەرگە ئاللاھ ئالدى بىلەن سەۋرى بېرىدىكەن ھەمدە چىدامىلىقنى بېرىدىكەن »

قادىر قارى يۇقارقى سۆزلەرنى دەپ بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى. ھۆكۈمەت، «بالاڭ قېچىپ كەتتى» دەپ ئۆلگىنىمۇ ئاتا - ئانىسىغا بەرمەپتۇ.

# ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن جاسۇسلۇق كرىزىسى داۋام قىلماقتا

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » خەۋىرى : يېقىندا ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ ئامېرىكىنىڭ يادرو قوراللىرى مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلىغانلىقى مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس دوكلات ھازىرلىدى ۋە بۇ دوكلاتنىڭ بىرقىسمىنى ئاشكارە ئېلان قىلدى. ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ دوكلاتىدا، خىتاينىڭ ئامېرىكىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلاشتا ئاساسەن ئامېرىكىلىق ئالىملارغا ھاراق ئىچۈرۈپ مەس قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغانلىقى بايان قىلىندى. دوكلاتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي جاسۇسلىرى خىتايغا زىيارەتكە كەلگەن ئامېرىكىلىق ئالىملارنى ساياھەت قىلدۇرۇش، زىياپەت بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، زىياپەت جەريانىدا ئۇلارغا ھاراقنى بولۇشىغا ئىچۈرۈپ مەس قىلىپ، ئۇلاردىن بەزى تېخنىكىغا ئائىت سوئاللارنى سوراش ئارقىلىق بەزى مەخپىيەتلىكلەرنى ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئېلىۋالغان. بەزى جاسۇسلار ئۇلارغا سىرتتا زىياپەت بېرىۋاتقاندا، يەنە بەزى جاسۇسلار ئامېرىكىلىق ئالىملارنىڭ ياتاقلىرىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ تېخنىكىغا ئائىت ھۆججەت - ماتېرىياللىرىنى ئوغرىلىغان.

دوكلاتتا بايان قىلىنىشىچە خىتاي جاسۇسلىرى 20 يىل بۇرۇنلا ئامېرىكىنىڭ يادرو قوراللىرىنىڭ پېيىغا چۈشكەن ۋە ھازىرغا قەدەر خىتاي ئامېرىكىنىڭ يادرو قوراللىرىغا ئائىت مەخپىيەتلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئوغرىلاپ بولغان. خىتاي 1980 - يىللاردا ئامېرىكىنىڭ قولىدىكى تەرەققىي قىلغان 7 تۈرلۈك يادرو قوراللىرى تېخنىكىسىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان. خىتاينىڭ ئامېرىكىدىن ئوغرىلىغان بۇ تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ ياسىغان ئىلغار تىپتىكى يادرو قوراللىرىنى بۈيىل ئىچىدە سىناق قىلىشقا ھازىرلانغان ۋە بىرقانچە يىل ئىچىدە ئامېرىكىنى بىۋاستە ئۇرالايدىغان ئەڭ ئىلغار تىپتىكى يادرو قوراللىرىنى ئامېرىكىغا قارشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلىغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خىتاي ئامېرىكىدىن ئوغرىلىغان يۇقىرى تېخنىكىلارنى ئىران، لىۋىيە، پاكىستان، سۈرىيە، شىمالى كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە يۇقىرى باھادا ساتقان.

دوكلاتنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلاش ئارقىلىق ياساپ چىققان يادرولۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىدىن ئەڭ ئاز 20 دانىسىنىڭ ھۇجۇم نىشانىنى ئامېرىكىغا توغرىلاپ قويغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاستە تەھدىت سالغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا پارلامېنتى ئېلان قىلغان بۇ دوكلاتقا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى ھەمدە « دوكلاتتا بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى يالغان » دەپ تېنىۋالدى.

ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى جاسۇسلۇق كرىزىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى ۋىللىيام كوھېن بۈيىل 6 - ئايدا خىتايغا قىلماقچى بولغان رەسمى زىيارىتىنى بىكار قىلغان.

## ھىندىستان بىلەن پاكىستان كەشمىر ئۈچۈن ئۇرۇشۇشقا ھازىرلانماقتا

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » خەۋىرى : پاكىستان بىلەن ھىندىستان كەشمىر ئۈچۈن 4 - قېتىم ئۇرۇشۇشقا ھازىرلانماقتا. يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان پاكىستان بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلىۋاتقان كرىزىس، مۇشۇ ئاينىڭ 26 - كۈنى پاكىستاننىڭ كەشمىردە ھىندىستاننىڭ ئىككى ئۇرۇش ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتىشى بىلەن تېخىمۇ جىددىيلەشتى. پاكىستان ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن مەسلىھەتچىسى گېنېرال ئېنىس باجۋال پاكىستان ئارمىيىسىنىڭ 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ھىندىستاننىڭ ئىككى ئۇرۇش ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرگەنلىكىنى، لۇتچىكلەرنىڭ بىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، يەنە بىرىنىڭ ساق ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. گېنېرال باجۋال ھازىرغا قەدەر ئىككى تەرەپنىڭ تېخى بىر-بىرىگە رەسمى ئۇرۇش ئېلان قىلمىغانلىقىنى ۋە پاكىستاننىڭ بۇ كرىزىسنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى. پاكىستاننىڭ ئىنفورماتسىيون مىنىستىرى مۇساھىد ھۈسەيىن، 600 مىڭ ئەسكەرگە ئىگە بولغان ھىندىستاننىڭ كەشمىر مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ پاكىستانغا ھەربى جەھەتتىن تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى، نۆۋەتتە ۋەزىيەتنىڭ ئىنتايىن جىددى ئىكەنلىكىنى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كەشمىر مەسىلىسىگە خۇددى كوسوۋا مەسىلىسىگە ئوخشاش جىددى قارىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

چەتئەل ئاگېنتلىقلىرى، نۆۋەتتە كەشمىردە ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك ھەربى توقۇنۇش يۈزبېرىۋاتقانلىقىنى، ھەرئىككى تەرەپنىڭ تانكا، زەمبىرەك قاتارلىق ئېغىر قوراللارنى ئىشقا سېلىۋاتقانلىقىنى، ھىندىستاننىڭ بولسا تارىختىن بۇيان تۇنجى قېتىم كەشمىردە پاكىستاننىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى مۇستەقىللىقچى مۇجاھىدلارغا قارشى ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنى قوللانغانلىقىنى ۋە 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگە قەدەر ھىندىستان ئايروپىلانلىرىنىڭ كەشمىرنى 3 قېتىم بومباردىمان قىلغانلىقىنى خەۋەرقىلدى.

بۇئارىدا ھىندىستان تەرەپ بايانات ئېلان قىلىپ، پاكىستاندىن كەشمىرگە ئېقىپ كىرگەن مۇجاھىدلارنى يوقاتقانغا قەدەر بۇ يەردىكى ھەربى ھەرىكەتنى توختاتمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يېرىم ئەسىردىن بۇيان ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە قارشى دۈشمەنلىك داۋام قىلىپ كەلدى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا جەمئىي 3 قېتىم ئۇرۇش يۈزبەردى. 1947 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ھىندىستان بىلەن پاكىستان كەشمىر مەسىلىسى توغرۇلۇق تۇنجى قېتىم ئۇرۇش ئېلىپ باردى، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش 14 ئاي داۋام قىلدى. 1965 - يىلى 9 - ئايدا ئۇلار كەشمىر توغرۇلۇق ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇشتى. 1972 - يىلى 7 - ئايدا بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا بېنگال توغرۇلۇق يەنە ئۇرۇش يۈزبەردى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ جىددى مۇقىمسىزلىق، كوسوۋا مەسىلىسى بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان دۇنيا جامائەتچىلىكىنى قاتتىق ئەندىشىگە سالماقتا.









جانابى ئاللاھ مەدەتكارىمىز بولغاي!

گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى:
ئابدۇلجېلىل قارقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىر ۋە مونتاژ:
ئۆمەرجان شاھيارى

تەھرىرلەر:
پەرىدە نىياز
ئايگۈل ئەسەتكېچىك
كورېكتور:
ئۇچقۇن قەشقىرى

گېزىتىمىزگە بېسىلغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر. گېزىتىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخباراتلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

E T I C
Lindwurmstr. 99
80337 Munchen Germany
E Mail:etic@ uygur.com
Internet:www.uygur.com
Tel:0049/89/543 88 99
Fax:0049/89/54 45 63 30

گېزىتنى بېسىپ تارقاتقۇچى:
« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى »
نەشرىيات مۇدىرى
ئابدۇلجېلىل تۇران
Tel&Fax: 0090 212 6790370

« ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ » (ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدىن)

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

هەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت
گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشىر قىلىنماقتا

1999 - يىلى 6 - ئاي
12 — سان
گېرمانىيىدە نەشىر قىلىندى
Eastern Turkistan
Information Center

## قازاقىستان هۆكۈمىتى يەنە شەرقىي تۈركىستانلىق سابىت روزى ۋە ئۆمەت ئابدۇساتتارلارنى خىتايغا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشكە هازىرلانماقتا

ئۆزىمىز خەۋەرىمىزنىڭ قازاقىستاندىن بەرگەن خەۋىرى: گەرچە قازاقىستان هۆكۈمىتى بۇ يىلنىڭ بېشىدا شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىقىپ سىياسىي پاناهلىق تىلىگەن خەمىت مۇهەممەت قاتارلىق 3 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىپ پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى خىتاينىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان قازاقىستان هۆكۈمىتى ئۆۋەتتە يەنە خەلقئارا قانۇنلارنى ئاياق ئاستى قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىن هاياتىنى قۇتقۇزۇپ قازاقىستانغا قېچىپ چىققان ئۇيغۇر ياشلىرىنى تۇتقۇن قىلىش ۋە ئۇلارنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىش هەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

قازاقىستان دائىرىلىرى خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن، بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋە 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئايرىم - ئايرىم هالدا شەرقىي تۈركىستانلىق سابىت روزى ۋە ئۆمەت ئابدۇساتتارلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنى قازاقىستان بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ ۋاقىتلىق تۈرمىسىگە قامىدى ۋە ئۇلارنى خىتاي هۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە هازىرلانماقتا. بۇ ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ياش شەرقىي تۈركىستاندىن هاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېچىپ چىققانلار ئىدى.

ئۇندىن باشقا يەنە قازاقىستاندىن كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، يېقىندا خىتاي هۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىن سىياسىي، تىجارى ۋە باشقا سەۋەپلەردىن ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇۋاتقان نەچچە يۈزنەپەر ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ياشنىڭ قارا تىزىملىكىنى قازاقىستان هۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ، قازاقىستان هۆكۈمىتىدىن بۇلارنى تىزئاردا تۇتۇپ خىتاي هۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. قازاقىستان هۆكۈمىتى خىتاينىڭ بۇ تەلىۋىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قازاقىستاننىڭ هەممىلا رايونىدا قارا تىزىملىككە چۈشكەن ئۇيغۇر ياشلىرىنى تۇتقۇن قىلىش هەرىكىتى باشلىغان ۋە بۇ جەرياندا دەسلەپكى قەدەمدە يۇقارقى ئىككى نەپەر قېرىندىشىمىزنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان.

يۇقارقى ۋەقەدىن كېيىن، دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى قازاقىستان هۆكۈمىتىگە تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرۇشقا ۋە « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ئارقىلىق قازاقىستانغا بېسىم ئىشلىتىشكە هازىرلانماقتا.

## خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا شەرقىي تۈركىستان: « شىنجاڭ راستىنلا ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىرقىسمىمۇ؟ »

ئامېرىكىدا نەشىر قىلىنىۋاتقان « بېيجىڭ باهارى » ژورنىلىنىڭ 6 - سانىنىڭ « مۇشتىرىلاردىن خەت » دىگەن سەهىپىسىدە، جىن يۈەنرۇ ئىسىملىك خىتاي زىيالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان هەققىدە يازغان بىرپارچە خېتى ئېلان قىلىندى. جىن يۈەنرۇ ئەپەندى خېتىنىڭ بېشىدا، « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » بىلەن « بېيجىڭ باهارى » ژورنىلىنىڭ يېقىندا ئۆزئارا هەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالانغانلىقىنىڭ، خىتاينىڭ دېموكراتىيەلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ۋە خەنزۇ مىللىتى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى يوقۇتۇشتا ناهايىتى موهىم ئەهمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، كوممۇنىست خىتاينىڭ « شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى » دىگەن سەپسەتىسىگە قىلىنتا ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكىدەك قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى: (داۋامى 3 - بەتتە)

## گېرمانىيىدە « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى » قۇرۇلدى

گېرمانىيىدە چاقىرىلىدىغان مىللىي قۇرۇلتايغا، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » قاتارلىق ئۈچ تەشكىلات ساهىپخانلىق قىلىدۇ (داۋامى 3 - بەتتە)



## شەرقىي تۈركىستاننى ئەيدىس قاپلاپ كەتتى

« شىڭخۇا » گېزىتىنىڭ بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 1998 - يىلى ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان بويىچە ئەيدىس ۋىروسىنى يۇقتۇرۇۋالغانلارنىڭ ئومومىي سانى 1087 نەپەرگە يېتىپ، پۈتۈن خىتاي بويىچە ئەيدىس مىكروبىنى يۇقتۇرۇۋالغانلارنىڭ ئومومىي سانىنىڭ 37.4 پىرسەنتىنى ئىگەللىگەن. شۇ يىلى ئەيدىس كېسەللىگە گىرىپدار بولغانلاردىن 6 سى ئۆلگەن. بۇ گېزىتنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا ئەيدىس مىكروبىنى يۇقتۇرۇۋالغانلارنىڭ 98 پىرسەنتى ئۆزىگە ئوكۇل يىڭنىسى بىلەن زەهەرلىك چېكىملىك ئۇرۇش جەريانىدا يۇقتۇرۇۋالغان، قالغان قىسمى بولسا چەتئەللىك ۋە ئىچكىرىدىن كەلگەن خىتايلاردىن يۇققان.

ئۇندىن باشقا يەنە « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ ۋەتەندىن ئالغان خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي هۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئەيدىس كېسەللىكىگە قارىتا جىددىي ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئېلىپ بارمىغىنى ئۈچۈن، بۇ ۋابا ئاستا - ئاستا كېڭىيىشكە باشلىغان ۋە پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خاتىرجەمسىزلىك ۋە قاتتىق ئەندىشە پەيدا قىلغان.

## بەش يىل ئىچىدە خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا تەيۋەن توغرۇلۇق ئۇرۇش پارتىلىشى مۇمكىن

« ۋاشىنگتون ۋاقتى گېزىتى » نىڭ بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان بىر ماقالىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىنىڭ كۆزلىگەن مۇتەخەسسلىرى، كەلگۈسى بەش يىل ئىچىدە خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا تەيۋەن مەسىلىسى سەۋەبىدىن ئۇرۇش يۈزبېرىدۇ، دەپ هېساپلىماقتا. (داۋامى 2 - بەتتە)

## «بگزوەن» نىڭ ئىشچى - خىزمەتچىللىرىنىڭ 60 پىرسەنتى جىنايەتچى

«جۇڭگو دەۋرى» ژورنىلىنىڭ 99 - يىللىق 5 - سانىغا، ئامېرىكا كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقىي ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىللىرىدىن جامېس سېيمور ۋە رىچارد ئاندىرسونلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرمىلەرنى تەتقىق قىلىپ يازغان «شىنجاڭ: خىتاينىڭ مەخپىيەتلىكى» دىگەن ماۋزۇدىكى ئىلمى ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىدا بايان قىلىنىشىچە، 1954 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا «ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى» قۇرۇلغان چاغدا، شىنجاڭ ھەربى رايونى بىڭتۇەنگە ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 34 مىڭ 759 نەپەر جىنايەتچىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. 1955 - يىلى 4 - ئايدا بىڭتۇەن خىتاينىڭ سىچۇەن ئۆلكىسىدىن 20 مىڭ 4 نەپەر خىتاي جىنايەتچىنى يۆتكەپ كەلگەن، شۇيىلى 7 - ئايدا بىڭتۇەن شاڭخەي ۋە جېجياڭدىن 7 مىڭ جىنايەتچىنى يۆتكىگەن، 1955 يىلى 12 - ئايدىن 1956 - يىلى 3 - ئايغىچە سىچۇەندىن يەنە 29 مىڭ 998 نەپەر خىتاي جىنايەتچى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كېلىنگەن. 1955 - يىلى بىڭتۇەندىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ئومومى سانى 60 مىڭ 545 نەپەرگە يېتىپ، بىڭتۇەندىكى ئومومى ئەمگەك كۈچىنىڭ 41 پىرسەنتنى ئىگەللىگەن، 1956 - يىلى بىڭتۇەندىكى جىنايەتچىلەرنىڭ سانى 97 مىڭ 633 نەپەرگە يېتىپ، ئومومى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 60 پىرسەنتنى ئىگەللىگەن، گەرچە بۇسان 1957 - يىلى 54.6 پىرسەنتگە چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما 10 يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دەۋرىدە بۇسان شىددەت بىلەن ئېشىپ بارغان. بولۇپمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى 1984 - يىلدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇشقا باشلىغان «قاتتىق زەربە بېرىش» ھەركىتى جەريانىدا بىڭتۇەندىكى جىنايەتچىلەرنىڭ سانىدا خېلىلا كۆپىيىش يۈز بەرگەن. خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىللىرىدىن شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ كېلىنگەن جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسىلا 5 يىلدىن يۇقۇرى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلار بولۇپ، بۇجىنايەتچىلەر بىڭتۇەنگە يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قويۇپ بېرىلىپ، بىڭتۇەننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى قىلىۋېلىنغان ئەمما يۇرتىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان. گەرچە بۇ جىنايەتچىلەرنىڭ بەزىللىرى يۇرتلىرىغا قېچىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما قاچقانلارنىڭ 85 پىرسەنتگە يېقىنراقى قايتىدىن تۇتۇپ كېلىنىپ قاتتىق قىين - قىستاققا ئېلىنغان. ئىچكىرىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى بىڭتۇەنگە يۆتكەپ كېلىنگەن جىنايەتچىلەرنىڭ ئاز بىرقىسمى سىياسى جىنايەتچى بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوغرى - بۇلاڭچى، قاتىل ۋە لۈكچەكلەردىن ئىبارەت ئىكەن.

## خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ خىتاينىڭ جاسۇسلۇق قىلمىشلىرى ھەققىدە ھازىرلىغان دوكلاتىغا ئېتىراز بىلدۈردى

«شىڭداۋ» گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇيىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتچىسى بېيجىڭدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرىپ، ئامېرىكا پارلامېنتى يېقىندا ئېلان قىلغان خىتاينىڭ ئامېرىكىنىڭ يادرو قوراللىرى مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلىغانلىق قىلمىشلىرى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ باياناتچىسى خىتاينىڭ جاسۇسلۇق قىلغانلىقىنى تامامەن ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە، ئامېرىكىنى «دۆلىتىمىزگە قارا چاپلىدى» دەپ ئەيىپلىگەن. خىتاينىڭ بۇ باياناتچىسى تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلغان:

«كۆپچىلىككە مەلۇمكى، جۇڭگو ئامېرىكا بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن 15 يىل بۇرۇنلا ئۆزكۈچىگە تايىنىپ دۆلەت مۇداپىيەسىگە ئائىت ئىلغار تېخنىكىلارنى تەرەققى قىلدۇرغان بولۇپ، 1964 - يىلى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جۇڭگو ئۆزى ياسىغان قۇرۇقلۇقتىن قۇرۇقلۇققا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا سىناق قىلدى. شۇيىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۆزى ياسىغان تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلدى. 1967 - يىلى جۇڭگو تۇنجى ھىدروت بومبىسىنى سىناق قىلدى. 1970 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تۇنجى سۈنئى ھەمراسىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا سىناق قىلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ تامامەن مۇستەقىل ھالدا دۆلەت مۇداپىيەسىگە ئائىت ئىلغار تېخنىكىسىنى تەرەققى قىلدۇرغانلىقىنى كۆرسۈتىدۇ».

گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ جاسۇسلۇق قىلمىغانلىقىنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ تۈرلۈك ھىلە - مىكىر ۋە نەيرەڭلەردىن پايدىلىنىپ خېلى يىللاردىن بۇيان ئامېرىكىنىڭ يادرو قوراللىرى تېخنىكىسىغا ئائىت نەڭ يېڭى مەخپىيەتلىكلەرنى ئوغرىلاپ كەلگەنلىكىنى دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق ئېنىقلاپ چىققان ئىدى.

## نۆۋەتتە ئامېرىكىنىڭ 250 دانە يادرولۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى خىتايغا توغرىلاقلىق

«شىڭداۋ» گېزىتىنىڭ بۇيىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، نۆۋەتتە ئامېرىكىنىڭ 250دانە يادرولۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنىڭ نىشانى خىتايغا توغرىلانغان بولۇپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن قاتتىق ئالاقزادە بولغان. گېزىتنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ قولىدىكى بارى - يوق 14 دانە يادرولۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنىڭ نىشانىنى ئامېرىكىغا قاراتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئامېرىكىغا ئېتىش ئۈچۈن 2 كۈندىن 6 كۈنگىچە مەشغۇلات دەۋرىگە ئېھتىياجى بولغاشقا، ئامېرىكا بۇنىڭ ئالدىنى ئالالايدىكەن.

## ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىر گېنېرالنى خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىمەكچى



«ياۋروپا گېزىتى» نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان ھەربى قىسىملىرىنىڭ سابىق باش قوماندانى گېنېرال پرۇلىشنى ئامېرىكىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكگە تەيىنلەش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇيىل 59 ياشقا كىرگەن گېنېرال پرۇلىش، 1996 - يىلى خىتاي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشنى باھانە قىلىپ تەيۋەن بوغۇزىغا ئەسكەر تۆپلىغاندا، ئۇ ئامېرىكا ھەربى پاراخوتلىرىنى باشلاپ تەيۋەن بوغۇزىغا كىرگەن ۋە خىتاينى تەيۋەنگە تەھدىت سالماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. گېنېرال پرۇلىش ئامېرىكا تىنچ ئوكيان ھەربى قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى بولغان مەزگىل ئىچىدە خىتاينى 7 قېتىم زىيارەت قىلغان ئىدى.

«بېيجىڭ باھارى» ژورنىلىنىڭ 6 - ئايلىق سانىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى ناتونىڭ بېلگراتتىكى ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ، بېيجىڭ، نەنخۇي قاتارلىق جايلاردا كۆپلىگەن خىتاي دېموكراتىك زاتلىرىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان.

## چەتئەل مۇتەخەسسىسلىرى خىتاي بىلەن روسىيەنىڭ بىر - بىرگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىشتى

«ياۋروپا گېزىتى» نىڭ بۇيىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈندىكى سانىغا بېسىلغان بىرخەۋەردە، گەرچە كوسوۋا مەسىلىسى ۋە باشقا خەلقئارالىق مەسىلىلەردە خىتاي بىلەن روسىيە ئۆزئارا ئىتتىپاق بولۇۋېلىپ ئامېرىكىغا قارشى ئورتاق مۇقام تۇتۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ماھىيەتتە خىتاينىڭ روسىيەگە تازا ئىشىنىپ كەتمەيدىغانلىقى بايان قىلىندى. چەتئەل پىرافېسسورلىرى ۋە دىپلوماتلىرى بىردەك ھالدا، گەرچە خىتاي بىلەن روسىيە ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ئوبرۇزىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى دۆلەت بىر - بىرىگە ئىشەنمىگەچكە، ئۇلارنىڭ بۇ ھەمكارلىقى ۋە ئىتتىپاقى ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ، دەپ ھېسابلىماقتا.

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نەشر قىلدى

# خەلقئارا قانۇنلار، نىزامنامىلار، خىتاپنامىلار، ئەھدىنامىلار، پىرىنسىپلار ۋە باياننامىلار

ئىزاھات : تۆۋەندە دىققىتىڭلارغا سۇنماقچى بولغىنىمىز، بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمىي باياننامىسى » نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نەشىرقىلىپ تارقاتقان « خەلقئارالىق ھۆججەتلەر توپلىمى » دىگەن كىتاپتا يەرئالغان خەلقئارالىق قانۇن ۋە پىرىنسىپلاردىن ئىبارەت. گېزىتىمىزنىڭ سەھىپىسىنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئالدى بىلەن بىز بۇ قانۇنلارنىڭ نامىنى ۋە ئېلان قىلىنغان ۋاقتىنىلا دىققىتىڭلارغا سۇندۇق. رەت تەرتىۋى ، بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى نەشىرقىلغان كىتاپتىكى رەت تەرتىۋىگە ئاساسەن تىزىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن گېزىتىمىز مۇمكىن بار بۇ قانۇنلارنىڭ تولۇق مەزمۇنىدىنمۇ سىزلەرنى تولۇق خەۋەردار قىلىشقا تىرىشىدۇ. تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بەزى نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئى، شۇڭا سىزلەرنىڭ تۈزۈتۈپ ئوقۇشىڭىزلارنى ئۈمىت قىلىمىز. (تەھرىردىن)

(بىشى ئۆتكەن ساندا)

## 53. « ئاياللارنىڭ قانۇنى ھوقوقى ئەھدىنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەرتەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1952 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى 640 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن تەستىقلاندى ۋە 1954 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 11 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 54 . « نىكاھ ماقۇللىقى، توي قىلىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن ياش چەكلىمىسى ۋە نىكاھنى ئەنگە ئېلىش ھەققىدە ئەھدىنامە »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1962 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى 1763 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن تەستىقلاپ تارقىتىلدى ۋە 1964 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 10 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 55 . « نىكاھ ماقۇللىقى، توي قىلىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن ياش چەكلىمىسى ۋە نىكاھنى ئەنگە ئالدۇرۇش توغرىسىدا خەلقئارا تەكلىپ »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1965 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى 2018 - نومۇرلۇق قارارى. بۇ خەلقئارا تەكلىپ جەمئى 3 پىرىنسىپ ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 56. « بالىلارنىڭ ھوقوق - مەنپەئەتى خىتاپنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1959 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى 1386 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ئېلان قىلىندى . بۇخىتاپنامە 10 پىرىنسىپ ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 57. « ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا ۋە قوراللىق توقۇنۇشلاردا ئاياللار ۋە بالىلارنى قوغداش خىتاپنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1974 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى 3318 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ئېلان قىلىندى. بۇخىتاپنامە جەمئى 6 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 58. « ياشلار ئارىسىدا ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىقنى، ئۆزئارا ھۆرمەتنى ۋە ئۆزئارا چۈشۈنىش غايىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش خىتاپنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1965 - يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى 2037 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ئېلان قىلىندى. بۇ خىتاپنامە جەمئى 6 پىرىنسىپ ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 59. « بالىلارنىڭ قوغدىلىشى ۋە پاراۋانلىقى، بولۇپمۇ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا بالىلارنى بېقىش ھەم تەربىيلەش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى ئىجتىمائى ۋە قانۇنى پىرىنسىپلار خىتاپنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەرتەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1986 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى 41/85 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللاندى. بۇخىتاپنامە 24 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 60. « جەمىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش خىتاپنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1969 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى 2542 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇخىتاپنامە جەمئى 3 قىسىم ۋە 27 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 61. « روھى كېسەللەرنىڭ قانۇنى ھوقوقى خىتاپنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەرتەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 71 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى 2856 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ئېلان قىلىندى. بۇخىتاپنامە 7 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 62.« دۇنيادا ئاچارچىلىقنى ۋە بىقىمسىزلىقنى يوقۇتۇش خىتاپنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1974 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى 3180 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللاندى. بۇخىتاپنامە ئىككى قىسىم ۋە 23 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 63. « ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىدىن پايدىلىنىپ ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقنى ۋە پاراۋانلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش خىتاپنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1975 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى 3384 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ئېلان قىلىندى. بۇخىتاپنامە 9 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 64. مېيىپلارنىڭ ھوقوق - مەنپەئەتى خىتاپنامىسى

( بىرلەشكەن دۆلەتلەرتەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1975 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى 3447 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ئېلان قىلىندى. بۇخىتاپنامە 13 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 65. « خەلقلەرنىڭ تىنچلىقتىن بەھرىمان بولۇش ھوقوقى خىتاپنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1984 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى 39/11 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن تەستىقلاندى. بۇخىتاپنامە 4 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

## 66. « تەرەققىيات ھوقوقلىرى خىتاپنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1986 - يىلى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى 41/128 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللاندى . بۇخىتاپنامە 10 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 67. « خەلقئارا مەدەنىيەت ھەمكارلىق پىرىنسىپلىرى خىتاپنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا 1966 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ خىتاپنامە جەمئى 11 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

ۋەتەنداشلار دىققىتىگە :گېزىتىمىزنىڭ كېيىنكى سانلىرىدا يۇقارقى خەلقئارالىق قانۇن ۋە خىتاپنامە - ئەھدىنامىلارنىڭ تولۇق مەزمۇنىنى دىققىتىڭلارغا سۇنۇشقا باشلايمىز (تەھرىردىن )

شەرقى تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى نەشر قىلدى

# ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر

## توي مۇراسىمى:

ئىسلام شەرىئىتى بويىچە نىكاھ ئوقۇش، توي زىياپىتى، توي پائالىيىتى، قىز ـ يىگىت ئولتۇرۇشى، قىز كۆچۈرۈش، رازىلىق ئېلىش، ئۇزۇتۇش، يول توسۇش، يۈز ئاچقۇ، سالام بېرىش، چىللاق قاتارلىق جەريانلاردا داۋام قىلىدۇ. تويدىن ئەۋەل ئەلچى ئەۋەتىش، كىچىك تازىم، چوڭ تازىم ـ تويلۇق تەقدىم، توققۇز تازىم رەسمىيەتلىرى بېجىرىلىدۇ.





## تۇغۇت مۇراسىمى :

ئىسرىق سېلىش ( تازىلىق تەييارلىقى) ، ياغ پۇرۇتۇش ( پوشكال سېلىش )، كىندىك ئانىسى تەكلىپ قىلىش، قىرىق سۈيى، ئات قويۇش، بۆشۈك تويى، يۈز ئاچقۇ پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ .

## سۈننەت مۇراسىمى :

يەتتە ياشتىن ئەۋەل ، ئوغۇل بالىلار ئىسلام قائىدىلىرى بويىچە سۈننەت قىلىنىدۇ. بۇ خەتنە توي ياكى ئوغۇل ئولتۇرغۇزۇش دەپ ئاتىلىدۇ. مېھمان چاقىرىلىپ زىياپەتتىن كېيىن ئوغۇل خەتنە قىلىنىدۇ.

## ئۇستاز تۇتۇش مۇراسىمى :

يىگى ھۈنەر ئۆگەنگۈچىنىڭ ئاتىسى مەھەللە جامائىتى ۋە ھۈنەر ئۇستىسىنى ئۆيىگە چاقىرىپ زىياپەت بېرىپ ، ئۇستازغا تون كىيگۈزۈپ ، بالىسىنى شاگىرتلىققا تاپشۇرىدۇ.

## شاگىرت چىقىرىش مۇراسىمى :

شاگىرت ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەندە، ئۇستازى مېھمان چاقىرىپ شاگىرتقا بىر يۈرۈش ئەسۋاپ تەقدىم قىلىدۇ ۋە شاگىرتنىڭ مۇستەقىل ئىشلەش ھوقۇقى بارلىقىنى جاكالايدۇ.

## سۇ ، يامغۇر تىلەش مۇراسىمى:

22 ـ مارت مەھەللىدىكى جامائەت دەريا بويى ياكى تاغ باغرىدا قوي،كالا سويۇپ، قانىنى دەرياغا ئېقىتىپ كۆك تەڭرىسى، سۇ ئىلاھىدىن ، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئاللاھتىن سۇ ، يامغۇر تىلەپ تىلاۋەت قىلىدۇ.



## تىجارەت باشلاش مۇراسىمى :

سودا، تىجارەت، دۇكان ئېچىشتىن ئەۋەل يۇرت ئاقساقاللىرى، مەھەللە جامائىتى، كەسىپ ئەھلىلىرىگە چاي ـ زىياپەت بېرىپ كەسىپ رىسالىسى ئوقۇپ، پىر، پەيغەمبەرلەرگە دۇئا ئوقۇلىدۇ.

## ئۆي سېلىش مۇراسىمى :

ئۆي سالغۇچى تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ جامائەتنى قان قىلىپ چايغا چاقىرىپ ئۇستىغا قىبلىنى بەلگىلەپ قوزۇق قاققۇزىدۇ. مەھەللە قولمۇ ـ قول ھەمكارلىشىپ ھەقسىز ئىشلەيدۇ. ئىشلىيەلمىگەنلەر ياغاچ ـ تاش، يېمەك ئەۋەتىپ ياردەملىشىدۇ. ئۆي پۈتكەندە جامائەتكە چاي بېرىدۇ، مېھمانلار سوغابلەن تەبرىكلەيدۇ.



## دەپنە مۇراسىمى :

ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ھازىدارلار ئاق باغلاپ يىغا ـ زارە قىلىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇققان، خولۇم ـ خوشنا، تونۇش ـ بىلىشلىرى كېلىپ ھال سورايدۇ. مېيىت ئىسلام قائىدىلىرىگە كۆرە ناماز چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن يەرلىككە دەپنە قىلىنىدۇ. يەتتە نەزىرىگىچە ئاق ئېلىنمايدۇ، قىرىق نەزىرىگىچە چاچ ـ ساقال ئېلىنمايدۇ. يىل نەزىرىگىچە تويغا ، تاماشاغا بارمايدۇ. تۇپراق بېشىدا بىر نەچچە كۈن خەتمە ـ قۇرئان ئوقۇلىدۇ.

ئۆلۈمدىن ئەۋەل ۋەسىيەت قىلىش، قۇرئان ئوقۇپ رازىلىق بېرىش، ياسىن ئوقۇپ دەمدە ئېچكۈزۈش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلسە، ئۆلۈمدىن كېيىن ئۈچ، يەتتە، قىرىق كۈن ۋە يىل تولغاندا جامائەتكە نەزىرە بېرىپ دۇئا ئوقۇلىدۇ. جۈمە كۈنى ۋە بايرام كۈنلىرى تۇپراق بېشىغا چىقىپ ئۆلگەنلەر خاتىرىلىنىدۇ.



## بايرام پائالىيەتلىرى:

ئۇيغۇرلاردا نوروز بايرىمى، روزى ھېيت بايرىمى، قۇربان ھېيت بايرىمى قاتارلىق بايراملار بار. ئۇندىن باشقا مەشرەپ، بەزمە، باھار سەيلىسى، مايسا سەيلىسى، گۈل سەيلىسى، دالا سەيلىسى، باغ سەيلىسى، چېلىشىش، دارۋازلىق، جانبازلىق، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، چەۋگەن ئويۇنى، چاقپىلەك، چۆكچۆك، گومپا كۆرستىش، ئۇردىكام، مالاي توپ، ياڭاق ئويۇنى، ئىلەڭگۈچ، تەپكۈچ، قوشماق ئاداش، توققۇز قاتار، مۇز تېيىلىش، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق ئويۇن ۋە پائالىيەتلىرى بار.

## « خىتاي كومپارتىيىسى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك »

خىتايچە « ياۋروپا » گېزىتىنىڭ 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى سانىدا، « خىتاي كومپارتىيىسى سوغۇققان بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك » دېگەن سەرلەۋھەلىك بىرپارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىدا قىسقىچە مۇنداق دېيىلىدۇ: « خىتاي دائىرىلىرى يۇگوسلاۋىيىدىكى ئەلچىخانىسىغا ناتونىڭ بومبىسى چۈشكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، پۈتۈن خىتاي خەلقىنى ئامېرىكىغا قارشى قۇترىتىپ، « ئامېرىكىنىڭ ھەرىكىتى ياۋايىلارچە ھەرىكەت »، « جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق »، « جۇڭگو خەلقىگە قىلىنغان ھاقارەت » ... « جۇڭگو خەلقى تىنچلىقنى خالايدۇ ۋە زومىگەرلىككە قارشى تۇرىدۇ » ... دېگەندەك سەپسەتىلەر بىلەن ئامېرىكىغا ۋە غەربكە قارشى كامپانىيە باشلىدى. ئەمما ئۇلار شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەككى، 3 يىل بۇرۇن تەيۋەندە پرېزىدېنت سايلىمى بولىدىغان چاغدا خىتاي كومپارتىيىسى تەيۋەن بوغىزىدا كەڭ كۆلەمدە باشقۇرۇلىدىغان بومبا مانېۋىرى ئېلىپ باردى ۋە ئۇلار ئاتقان بەزى بومبىلار تەيۋەننىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇپ يۈردى، بۇ، ئەينى چاغدا تەيۋەن خەلقىنى قاتتىق ئەندىشىگە ۋە پاراكەندىچىلىككە سالغان ئىدى. گەرچە جاڭ زېمىن، « جۇڭگو خەلقى ئۆز خەلقىگە ھۇجۇم قىلمايدۇ » دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ھازىر كوممۇنىست خىتاينىڭ نەچچە يۈزلىگەن باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنىڭ نىشانى تەيۋەنگە توغرىلاقلىق. خىتاي ھۆكۈمىتى ناتونىڭ كوسوۋاغا قاراتقان ھەرىكىتىنى « بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق » دەپ قاتتىق ئەيىبلەپ كەلدى، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەككى، 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا خىتاي ئارمىيىسى كامبودژادىكى كوممۇنىستلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ۋېيتنامغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، سانسىزلىغان بىگۇناھ ۋېيتنام خەلقىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان ۋە ۋېيتنامنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق تاجاۋۇز قىلغان ئىدى. بۇ قىلمىشنى خىتاي كومپارتىيىسى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ »

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: « گەرچە ئۆۋەتتە سىربىلارنىڭ كوسوۋا خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئۈرۈپ - ئوچۇق ئوتتۇرىدا تۇرسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ھەققى ئەھۋالنى جۇڭگو خەلقىدىن يوشۇرۇپ، خەلقنى مۇستەبىت مىلوسېۋىچنى قوللاشقا سەپەرۋەر قىلماقتا، ھازىر تىبەت، شىنجاڭ ۋە تەيۋەن كوسوۋاغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ، خىتاي كومپارتىيىسى قايسى يۈزى بىلەن بۆيەردىكى خەلقلەرنىمۇ مىلوسېۋىچنى قوللاشقا دەۋەت قىلالايدۇ؟ خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ بۇ خىل قويۇق مىللەتچىلىك تۈسىنى ئالغان سىياسى تەشەببۇسلىرى جۇڭگودىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى شۈبھە ۋە ئىختىلاپلارنى كۈچەيتمەي قالمايدۇ، شۇڭا جۇڭگو خەلقى كومپارتىيىنىڭ بۇ ئاتالمىش « تىنچلىق تەشەببۇسى » نى ياخشىراق ئانالىز قىلىشى لازىم ».

## تەيۋەنلىكلەرنىڭ 100 دە 70 پىرسەنتى « بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم » گە قارشى

« شىڭداۋ » گېزىتىنىڭ 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، يېقىندا تەيۋەندە ئېلان قىلىنغان پۇقرالارنىڭ رايىنى سىناش نەتىجىسىگە قارىغاندا، تەيۋەن خەلقىنىڭ 72.9 پىرسەنتىنىڭ كوممۇنىستىك خىتاي ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىغا قويغان « بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش » تەكلىۋىگە قارشى چىققان، يەنە بۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىغاندا، تەيۋەن خەلقىنىڭ 100 دە 80.6 پىرسەنتى تەيۋەننىڭ خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن بىرلەشمەي مەڭگۈ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشىنى خالايدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەيۋەنلىكلەرنىڭ 100 دە 60 پىرسەنتىدىن كۆپرىكى تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى لى دېڭخۇي ئوتتۇرىغا قويغان « يېڭى تەيۋەنلىكلەر » دېگەن بۇ نامغا قوشۇلىدىكەن. چۈنكى لى دېڭخۇي، « ھازىر تەيۋەندە ياشاۋاتقانلارنىڭ مەيلى بۇرۇن كەلگىنى ياكى كېيىن كەلگىنى بولسۇن ھەممىسى يېڭى تەيۋەنلىكلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ » دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

## ۋاڭدەن خىتاي خەلقىنى بۇيىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تيەنئەنمېن ۋەقەسى دە ئۆلگەنلەرنى خاتىرىلەشكە چاقىردى

« شىڭداۋ » گېزىتىنىڭ بۇيىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى خەۋىرى: بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن بېيجىڭدا يۈز بەرگەن خىتاي دېموكراتىك ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى ۋە مەشھۇر دېموكراتىك زات ۋاڭدەن، 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كانادادا ئۆتكۈزۈلگەن « تيەنئەنمېن ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى » دا سۆز قىلىپ، چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى بارلىق خىتاي خەلقىنى، جۈملىدىن خىتاي ياشلىرىنى مۇستەبىت كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئېلىپ بارغان قانلىق قىرغىنچىلىقنى ئەبەدى ئۇنۇتماسلىققا ۋە بۇيىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن قۇربانلارنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈشكە چاقىردى. ۋاڭدەن يىغىندا قىلغان سۆزىدە يەنە، نۆۋەتتە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسى جەھەتتىن ئۆز - ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ، خىتاينىڭ تىنچ بىرشەكىلدە دېموكراتىيەلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەكلىكىنى، ئەنە شۇندىلا خىتاينىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.



## خىتايلار ئامېرىكا ماللىرىنى چەكلەش كامپانىيەسى باشلىدى




« ياۋروپا گېزىتى » نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاينىڭ يۇگوسلاۋىيىدىكى باش ئەلچىخانىسى ناتو تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدە ئامېرىكىنىڭ ماللىرىنى چەكلەش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن. گەرچە خىتاي دائىرىلىرى بۇ ۋەقەنىڭ چەتئەللىكلەرنىڭ خىتايغا مەبلەغ سېلىشىغا ۋە خىتايدا تىجارەت قىلىشىغا ھېچقانداق تەسىرى بولمايدىغانلىقى ۋە چەتئەل تىجارەتچىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاستىرتتىن پۇقرالىرىنى ئامېرىكىغا قارشى قۇترىتىپ، ئامېرىكا ماللىرىغا ئېمبارگو يۈرگۈزگەن. خىتاينىڭ كۆپلىگەن چوڭ شەھەرلىرىنىڭ كوچىلىرىنى، ئامېرىكىنىڭ كولاسىنى ئىچمەسلىك، ماللىرىنى سېتىۋالماسلىق ھەققىدىكى لوزۇنكا، شوئار ۋە تەشۋىقات ۋاراقلىرى قاپلاپ كەتكەن. بۇ كامپانىيە جەريانىدا كۆپلىگەن ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ خىتاي بازارلىرىدىكى سودىسى توختاپ قالغان. بۇ سەۋەپتىن كۆپلىگەن ئامېرىكىلىق سودىگەرلەر خىتايغا قىلىدىغان يۇقۇرى دەرىجىلىك زىيارەت ۋە بېرىپ - كېلىشلىرىنى توختىتىپ قويغان. گېزىتتە يەنە، خىتاينىڭ بۇ قىلمىشى تۈپەيلىدىن، خىتايغا مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىغان خېلى كۆپلىگەن چەتئەل تىجارەتچىلىرىنىڭ خىتايغا مەبلەغ سېلىشتىن ۋاز كەچكەنلىكى بايان قىلىندى.

## خىتاي ئەلچىخانىسىغا چۈشكەن بەش بومبىدىن بىرسى پارتلىمىغان



گېزىتىمىزنىڭ ئۆتكەنكى سانلىرىدا، خىتاينىڭ بېلگىراتتىكى باش ئەلچىخانىسىغا ئاتۇنىلىك 3 دانە بومبىسى چۈشكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان ئىدۇق. چەتئەل مەتبۇئاتلىرىنىڭ بۇ ھەقتە بەرگەن ئاخىرقى خەۋەرگە قارىغاندا، بۇيىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كېچىدە ئامېرىكىنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىدىن خىتاينىڭ بېلگىراتتىكى باش ئەلچىخانىسىغا قويۇپ بېرىلگەن باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ جەمئى 5 تانە ئىكەنلىكى، ئەمما بۇلارنىڭ 4 سى پارتلاپ، بىرسىنىڭ پارتلىمىغانلىقى، ئەگەر 5 بومبىنىڭ ھەممىسلا پارتلىغان تەقدىردە، ئۆلۈم - يېتىمنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولىدىغانلىقى خەۋەر قىلىندى. پارتلاشتىن كېيىن، يۇگوسلاۋىيىلىكلەر ۋە خىتايلار ئەلچىخانىنى تازىلاش جەريانىدا پارتلىماي قالغان يەنە بىر بومبىنى ئۇچرىتىپ قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن. پارتلاشتىن كېيىن ئەلچىخانا خادىملىرى پولات قالپاقلارنى كىيىپ باتۇرلۇق بىلەن ئەلچىخانا بىناسىغا كىرىپ، ۋەيرانچىلىقلار ئىچىدىن 20 دىن ئارتۇق كىرىيۇش ماشىنىسى، ئېلېكترونلۇق مىكە ۋە رەڭلىك تېلېۋىزورنى ساق ھالدا قۇتقۇزۇپ چىققان.

## خىتاي ھۆكۈمىتى « 4 - ئىيون » ۋەقەسىنى ئاقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان دېموكراتىك زات ۋاڭ ۋەنشىڭنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا سولاپ قويىدى

شىڭداۋ گېزىتىنىڭ 5 - ئاينىڭ 8 - كۈندىكى خەۋىرىنىڭ مەزمونىغا ئاساسلانغاندا، خىتايدىكى 50 ياشلىق مەشھۇر دېموكراتىك زات ۋاڭ ۋەنشىڭ 1989 - يىلدىكى دېموكراتىك ھەرىكەتكە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان. ئۇ 1992 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يەنە 4 - ئىيون ۋەقەسى ئاقلانسۇن دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن لوزۇنكىنى كۆتىرىپ يالغۇز تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ ئالدىدا نامايىش قىلغان، بېيجىڭ ساقچى دائىرلىرى ئۇنى نەق مەيداندا قولغا ئېلىپ، ئۇنى ساراڭ دەپ بېيجىڭ ئەنكاڭ نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا سولاپ قويغان ۋە ئۇنى ھازىرغا قەدەر قويۇپ بەرمىگەن. بۇجەرياندا خىتاي دائىرلىرى ئۇنى ھەتتا ئائىلىسى بىلەنمۇ كۆرۈشتۈرمىگەن. خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپلىگەن خىتاي دېموكراتلىرى ۋاڭ ۋەنشىڭنىڭ ھېچقانداق نېرۋا كېسىلى يوقلۇقىنى، خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ تامامەن دېموكراتىك پىكىر - ئېقىمدىكى كىشىلەرنى يوقۇتۇش ئۈچۈن يىللاردىن بېرى قوللىنىپ كەلگەن نەيرەڭلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشقان.

## خىتاي ھۆكۈمىتى تيەنئەنمېن مەيدانىدا ھەربى ھالەت يۈرگۈزدى



« شىڭداۋ » گېزىتى خەۋىرى : كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى بۇيىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى « تيەنئەنمېن ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدا ۋەقە چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، بېيجىڭغا خىتاينىڭ غەربى ئۆلكىللىرىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ژاندارما قىسىملىرىنى يۆتكىدى ھەمدە تيەنئەنمېن مەيدانىدا ھەربى ھالەت يۈرگۈزۈپ، ساقچى ۋە ژاندارمىلارنى كېچە - كۈندۈز نۆۋەتچىلىككە قويىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بېيجىڭ ساقچى دائىرلىرى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە تيەنئەنمېن مەيدانىدا توپلىنىشىنى قاتتىق چەكلىدى.

## جاڭ زېمىن، مىلوسېۋىچ ۋە كاستىرو، « ئاخبارات ساھەسى دۈشمىنى » دەپ ئېلان قىلىندى

« بېيجىڭ باھارى » ژورنىلىنىڭ بۇيىل 6 - ئايلىق سانىدىكى بىر خەۋەرنىڭ مەزمونىغا ئاساسلانغاندا، « خەلقئارا مۇخبىرلارنى قوغداش جەمىيىتى » بۇيىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى « ئاخبارات ساھەسى دۈشمەنلىرى » نىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلغان. بۇتىزىملىكتە، خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىن، يۇگوسلاۋىيىنىڭ پرېزىدېنتى مىلوسېۋىچ ۋە كۇبانىڭ دۆلەت رەئىسى كاستىرو قاتارلىق شەخسلەر ئالاھىدە يەر ئالغان. بۇ شەخسلەرنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىدىكى ئاخبارات ساھەسىنىڭ ئەركىنلىكىنى قاتتىق قامال قىلغانلىقى، ئاخبارات خادىملىرىنى ۋە مۇخبىرلارنى كۆپلەپ تۈرمىلەرگە تاشلىغانلىقى، ئۇلارنى يوشۇرۇن قولغا ئېلىش، ئۇرۇپ قىيناش ۋە ھەتتا ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ۋاستىلارنى قوللانغانلىقى ۋە شۇ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ « ئاخبارات ساھەسى دۈشمىنى » دەپ ئېلان قىلىنغانلىقى بايان قىلىندى.

## خىتاينىڭ 96 - يىلدىكى ھەربى مانېۋىر جەريانىدا تەيۋەننى رەسمى ئىشغال قىلىشنى پىلانلىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى

« شىڭداۋ » گېزىتىنىڭ 5 - ئاينىڭ 9 - كۈندىكى خەۋىرىدە ،1996 - يىلى 3 - ئايدا تەيۋەندە پرېزىدېنت سايلىمى ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا كوممۇنىست خىتاينىڭ تەيۋەن بوغىزىدا كەڭ كۆلەمدە ھەربى مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ تەيۋەنگە تەھدىت سالغانلىقىنى ۋە ئەينى چاغدا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربى مانېۋىردىن پايدىلىنىپ تەيۋەننىڭ ئەتراپىدىكى ئاراللارنى رەسمى ئىشغال قىلماقچى بولغانلىقىنى بايان قىلدى. تەيۋەن ھەربى تەرەپ باياناتچىسى يېقىندا، ئەينى چاغدا كوممۇنىست خىتاينىڭ ھەربى مانېۋىر ئۆتكۈزۈشنى باھانە قىلىپ تەيۋەن بوغۇزىغا يېقىن قورۇقلۇق، ھاۋا ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئورۇش قىلىش ئىقتىدارىنىڭ تەيۋەننىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق ئاراللارنى ئىشغال قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇچاغدا ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ ھەقىقەتەن تەيۋەننىڭ ئەتراپىدىكى ئاراللارنى ئىشغال قىلىشنى پىلانلىغانلىقىنى، ئەمما شۇكۈنى ھاۋارايىنىڭ ياخشى بولماسلىقى ۋە ئامېرىكىنىڭ تەيۋەن بوغۇزىغا جىددى ئەسكەر يۆتكىشى سەۋەبىدىن كوممۇنىست خىتاي دائىرلىرىنىڭ بۇپىلانىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقىنى بايان قىلغان.

« دۇنيا سودا تەشكىلاتى »، خىتاينىڭ بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ كىرىشى ئۈچۈن، ئۇۋەتەنە ئىمپورت قىلىنىۋاتقان ماللاردىن ئالىدىغان 25 پىرسەنلىك باجنى 10 پىرسەنگە چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى « دۇنيا سودا تەشكىلاتى »نىڭ بۇ تەلىۋىنى 2005 - يىلى ئاندىن ئورۇندىيالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

جانابى ئاللاھ مەدەتكارىمىز بولغاي!

گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى:
ئابدۇلجېلىل قارقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر:
پەرھات مۇھەممەدى
تەھرىر ۋە مونتاژ:
ئۆمەرجان شاھيارى

تەھرىرلەر:
پەرىدە نىياز
ئايگۈل ئەسەتكېچىك
كوررېكتۇر:
ئۇچقۇن قەشقەرى

گېزىتىمىزگە بېسىلغان ماقالىلارنىڭ مەزمۇنىسى ئاپتۇرلىرىمىزغا ئائىتتۇر. گېزىتىمىزغا ئېۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخباراتلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

E TIC
Lindwurmstr. 99
80337 Munchen Germany
E Mail:etic@ uygur.com
Internet:www.uygur.com
Tel:0049/89/543 88 99
Fax:0049/89/54 45 63 30

گېزىتنى ئېسىپ تارقاتقۇچى:
« شەرقى تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى »
نەشرىيات مۇدىرى
ئابدۇلجېلىل تۇران
Tel&Fax: 0090 212 6790370

« ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ » ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي
گېزىت
گېزىتىمىز 1999 - يىلى
3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن
نەشىر قىلىنماقتا

1999 - يىلى 6 - ئاي
13 - سان
گېرمانىيىدە نەشىر قىلىندى
Eastern Turkistan
Information Center


## ئەنۋەر يۈسۈپ ئامېرىكا پرېزىدېنتى كىلىنتون بىلەن كۆرۈشتى

ئۆزخەۋىرىمىز: بۇيىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئامېرىكىدىكى « شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق مەركىزى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەر يۈسۈپ ئامېرىكا پارلامېنتىدا ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى بىل. كىلىنتون بىلەن يۈزتۇرانە ھالدا كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئاڭلاتتى. بۇ، ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي مۇجادىلە تارىخىمىزدا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تۇنجى قېتىم بىۋاستە ھالدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى بىلەن كۆرۈشۈشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. (داۋامى 2 - بەتتە)

## ئابدۇجېلىل قاراقاش چېچەنىستاننىڭ سابىق ئىنفورماتسىيون مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشتى

ئۆزمۇخبىرىمىزنىڭ ئىسپانىيەدىن بەرگەن خەۋىرى: گېرمانىيىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش يېقىندا ئىسپانىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر خەلقئارا كونفرانستا، چېچەنىستاننىڭ سابىق ئىنفورماتسىيون مىنىستىرى ۋە چېچەنىستاننىڭ مالايشىيادا تۇرۇشلۇق باش ۋەكىلى دوكتور سۇلتان سۇلايمان بىلەن كۆرۈشۈپ، تەقدىرى ئوخشاپ كېتىدىغان چېچەن خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي داۋالىرى ھەققىدە ئۆزئارا پىكىر ۋە تەجرىبە ئالماشتۇردى.

(داۋامى 3 - بەتتە)



## بۇيىل گېرمانىيىدە چاقىرىلىدىغان « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ ئېچىلىش ۋاقتى 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە قىلىپ بېكىتىلدى (خەۋىرى 3 - بەتتە)

## « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى » نىڭ رەھبەرلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى » نىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىدا، بۇيىل ئۆكتەبىردە گېرمانىيىدە چاقىرىلىدىغان « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. ( داۋامى 2 - بەتتە)



## گېرمانىيىدە « ئاسارەت ئىچىدىكى 50 يىل ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرى » دىگەن تېمىدا خەلقئارالىق كونفېرانس ئۆتكۈزىلىدۇ

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » رەھبەرلىك ئورگىنى، بۇيىل ئۆكتەبىردە گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە چاقىرىلىدىغان « شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا مىللىي قۇرۇلتىيى » بىلەن بىرگە، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن « ئاسارەت ئىچىدىكى 50 يىل ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرى » دىگەن تېمىدا مەخسۇس خەلقئارالىق ئىلمىي كونفېرانس ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇكونفېرانستا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ 50 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇلۇم سىياسىتىگە ئومومىي يۈزلۈك ھالدا ئىلمىي باھا بېرىلىدۇ ۋە خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرلۈك ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرى دەلىل - ئىسپاتلىق ھالدا پاش قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇقېتىمقى كونفېرانستا بۇنىڭدىن كېيىنكى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملىرىغا قارشى ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ۋە ستراتېگىيىلىرى مۇزاكىرە قىلىنىدۇ.

بۇقېتىمقى كونفېرانسقا خەلقئارادىكى مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە بەزى چەتئەللىك مۇتەخەسسىلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. كونفېرانسنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى » ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

# ئابدۇجېلىل قاراقاش چېچەنىستاننىڭ سابىق ئىنفورماتسىيون مىنىسترى بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 - بەتتە ) كۆرۈشۈش جەريانىدا ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى ئالدى بىلەن سۆزقىلىپ مۇنداق دېدى: « شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن چېچەن خەلقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى بىر - بىرىگە تولىمۇ ئوخشايدۇ، ئىككى تەرەپ خەلقى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان روسىيە ۋە خىتايدىن ئىبارەت ئىككى ئىمپىريالىستىنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا ئېزىلىپ كەلدى. چېچەن خەلقى ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى، قەھرىمانلىقى ۋە جەڭگىۋار كۈرەشلىرى ئارقىلىق مۇستەملىكىچىلەرنى تۆپىراقلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ پۈتۈن دۇنيا خەلقىغە ئۈلگە بولدى. بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار چېچەن خەلقىغە چەكسىز ئاپىرىن ئېيتىمىز. ئەينى چاغدا ئافغانىستان خەلقى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇستەملىكىسىگە قارشى كۈرەش قىلغاندا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى پۈتۈن غەرىپ ئەللىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئىدى، بوسنا - ھەرسەك خەلقىمۇ سىرىپ زۇلمىغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندا يەنە پۈتۈن دۇنيانىڭ ياردىمىگە ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەللەرنىڭ خوشنا دۆلەتلەردىن بىۋاستە ياردەم ئېلىش ئىمكانىيىتى بارئىدى. ئەپسۇسكى چېچەن خەلقى روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلغاندا تاشقى دۇنيانىڭ ھېچقانداق ياردىمىگە ئېرىشەلمىدى، كۆپلىگەن غەرىپ ئەللىرى روسىيەنى رەنجىتىشتىن قورقۇپ چېچەن خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى قوللىمىدى ۋە چېچەنىستاننىڭ روسىيەدىن بۆلۈنۈپ چىقىشىغا ئاشكارە قارشى تۇردى. چېچەنىستاننىڭ خوشنا ئەللەردىن ياردەم ئېلىش ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئەنە شۇنداق قىيىن شارائىتتىمۇ يەنە چېچەن خەلقى يېرىم مىليونلۇق نوپۇسى بىلەن 200 مىليون نوپۇسقا ئىگە ۋە ھەربى جەھەتتىن ئىنتايىن قۇدرەتلىك بولغان روسىيەگە قارشى قىلچە ئىككىلەنمەي تىغمۇ - تىغ كۈرەش قىلىپ ۋە ئاخىرى قۇدرەتلىك روسىيەنى باش ئەگدۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ كۈرەش تارىخىدا تىللاردا داستان بولغۇدەك ئاجايىپ مۆجىزە ياراتتى. چېچەن خەلقىنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيىتى بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ئىنتايىن ئۈمىتلەندۈردى ۋە بىزنىڭ كۈرەش ئىرادىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. دېمەك ئاللاھ يولىدا قىلىنغان ھەقلىق مۇجادىلىنىڭ ھېچبىر زامان مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىمايدىغانلىقى تولۇق ئىسپاتلاندى ».

دوكتۇر سۇلتان سۇلايمان ئەپەندى جاۋابەن مۇنداق دېدى: « بىز چېچەنلەر ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھۆرلۈك ۋە مىللى مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمىز، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاللاھ يولىدا ئېلىپ بارغان بۇ ھەقلىق مۇجادىلىسى ھامان بىركۈنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بىزچېچەنلەرنىڭ ئۆۋەتتىكى ئەڭ زور قېيىنچىلىقىمىزشۇكى، بىز ھەقلىق داۋايىمىزنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە لايىقىدا ئاڭلىتالمايۋاتىمىز، مىللى مۇجادىلىمىز غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغا قەدەر دۇنيا بىزنىڭ مۇستەقىللىقىمىزنى ئېتىراپ قىلغىنى يوق، ھەتتا ئىسلام ئەللىرىنىڭمۇ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدۇق، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزنى دۇنياغا ياخشى ئاڭلىتىشىمىز كېرەك. سىزنىڭ رىياسەتچىلىكىڭىزدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » مىللى داۋايىڭىزلارنى بىرقانچە تىلدا دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىشقا تىرىشىۋېتىپتۇ، بۇ ناھايىتى زوربىر مۇۋەپپەقىيەت ۋە مىللى داۋانىڭ موھىم بىر ئېھتىياجى. مەن چېچەن خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزئارا خەۋەر - ئۇچۇر ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، ھەمكارلىق دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشنى ئۈمىت قىلىمەن ».

كۆرۈشۈش جەريانىدا دوكتۇر سۇلتان سۇلايمان ئابدۇجېلىل قاراقاشقا چېچەن خەلقىنىڭ كۈرەش تەجرىبىلىرىنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆۋەتتە ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرخىل شەكىلدىكى مىللى كۈرەشلىرىگە قارىتا ئىنتايىن قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى بەردى.

*(بېشى 1 - بەتتە ) بۇيىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بىركۈن مەخسۇس كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 50 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن « ئاسارەت ئىچىدە ئۆتكەن 50 يىل ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرى » دىگەن تېمىدىكى خەلقئارلىق كونفىرانس ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگە قەدەر « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » چاقىرىلىدۇ. قۇرۇلتاينىڭ چاقىرىلىش ۋاقتى بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا ساھىپخانلىق قىلىدىغان « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزئارا كېڭىشىپ بىردەك پىكىرگە كېلىشى ئارقىلىق بېكىتىلدى.*

# « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى » نىڭ پۈتۈن ۋەتەنداشلىرىمىزغا مۇراجاتى

سىزلەرگە مەلۇمكى، شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى، « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » نى بۇيىل ئۆكتەبىردە گېرمانىيەدە ئېچىشنى قارار قىلدى، مىللى قۇرۇلتاينىڭ دۇنيانىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسۈتىۋاتقان گېرمانىيەدەك كۈچلۈك بىر غەرىپ دۆلىتىدە چاقىرىلىشى، مۇقەددەس مىللى داۋايىمىزنى خەلقئارالاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تاشلانغان موھىم قەدەمدىن ئىبارەت. بۇقېتىمقى مىللى قۇرۇلتاينى چاقىرىشتىكى ئاساسى مەقسەت، دۇنياغا يۈزلەنگەن كۈچلۈك كادرولاردىن تەركىپ تاپقان، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى ۋە مىللى داۋايىمىز بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شەخسلىرىمىزنى تولۇق ئۆزئىچىگە ئالغان، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق خەلقىمىزگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئوپپوزلۇق، قۇدرەتلىك بىرخەلقئارالىق ئورگىنىمىزنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەييارلىق كومىتېتىمىز ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ قۇرۇلتايغا تولۇق قاتنىشىشىغا. مىللى داۋايىمىزغا جىددى كېرەكلىك بولغان يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ چىقىپ ئۇلاردىن ئۇنۇملۇك ھالدا پايدىلىنىشقا ۋە قۇرۇلتاينىڭ بىرلىك، باراۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىق كەيپىياتى ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك چاقىرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشىدۇ. بىز شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمىزكى، بۇقېتىمقى قۇرۇلتاي 50 يىلدىن بۇيان ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللى مۇجادىلىمىز ئۈچۈن زور بىر بۇرۇلۇش ئوقتىسى بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇقېتىمقى مىللى قۇرۇلتاينى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈش، ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخى ۋەزىپىسى. بىز شۇنداق دەپ ھېساپلايمىزكى، بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلىشىگە ۋە بۇ ئارقىلىق ئوپپوزلۇق بىر خەلقئارالىق ئورگىنىمىزنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا ھەسسە قوشۇش، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھەمدە ۋەتەن ئىچىدە مىللىتى ئۈچۈن قان كېچىپ كۈرەش قىلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىگە جاۋاپ قايتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى. سىزنىڭ مىللى قۇرۇلتاينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چاقىرىلىشى ئۈچۈن ئىئانە قىلغان ھەربىر سىنتىڭىز ۋە ھەربىر تىيىنىڭىز، ۋەتەن ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ تومۇرىغا ئاققان بىرتامچە قان ۋە دۈشمىنىمىزنىڭ يۈرىكىگە ئېتىلغان بىرپاي ئوقتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا بىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزدىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ تارىخى مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ ئىئانە توپلاش كامپانىيەسىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشنى ۋە ئاز - كۆپ دېمەي شەرت - شارائىتى يارىغەن ئاساستا تەييارلىق كومىتېتىمىزغا ئىقتىسادى جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى ئارزۇ ۋە ئۈمىت قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق تەشكىلاتلىرىمىزدىن ۋە مىللى داۋايىمىزغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان شەخسلىرىمىزدىن تەييارلىق كومىتېتىمىزنى مىللى قۇرۇلتايغا ۋە مىللى داۋايىمىزنىڭ كەلەچىكىگە مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇخسانلاردىن خالى بىر مىللى ئورگاننىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشلىرىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

خەلقئارا مىللى قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى

رەئىس : ئەسقەرجان

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ئابدۇجېلىل قاراقاش

دولقۇن ئەيسا

مىللى قۇرۇلتايغا ياردەم بەرگۈچىلەر ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:

Ostturkistanische Union e.v (Germany)
Hypo _ Vereinsbank
Konto_Nr. 43728466
BLZ.700 20270

ئالاقىلىشىش ئادرېسىمىز:

Lindwurm str.99
80337 munchen Germany
Tel/ 0049/5438899
Fax/ 0049/89/ 54456330

(بۇ مۇراجەتنامە مىللى قۇرۇلتاي ئېچىلغانغا قەدەر گېزىتىمىزنىڭ سەھىپىسىدە ئىزچىل بېرىلىدۇ. تەھرىردىن)

# « ئۈچقۇن » گېزىتىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ۋە « گېرمان ئۇيغۇر دوستلۇق جەمئىيىتى » نىڭ قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: بۇيىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى گېرمانىيىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ يىغىن زالىدا، « ئۈچقۇن » گېزىتىنىڭ نەشرقىلىنغانلىقى ۋە « گېرمان - ئۇيغۇر دوستلۇق جەمىيىتى » نىڭ قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇقېتىمقى مۇراسىمغا گېرمانىيىنىڭ ميونخېن شەھرىدە ياشاۋاتقان كۆپ ساندىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز ئىشتىراك قىلدى.

مۇراسىمدا ئالدى بىلەن « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى، « ئۈچقۇن » گېزىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى سۆزقىلىپ، ۋەتەنداشلىرىمىزغا « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » بىلەن « گېرمان - ئۇيغۇر دوستلۇق جەمىيىتى » نىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ئىنفورماتسىيون مەركىزى تەرىپىدىن بۇيىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان « ئۈچقۇن » ھەپتىلىك گېزىتى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەردى.

ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى ئالدى بىلەن « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: « ۋەتەن سىرتىدىكى تەشكىلات ۋە شەخسلىرىمىزنى، شۇنداقلا دۇنيا جامائەتچىلىكىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك يېڭى خەۋەر - ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەش ۋە بۇئارقىلىق ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي داۋايىمىزنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا يېقىندىن ماسلىشىش مەقسىتىدە 1996 - يىلى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نى قۇرۇپ چىققان ئىدۇق. مانا شۇندىن بۇيان قىسقىغىنە 3 يىل ئىچىدە ئىنفورماتسىيون مەركىزىمىز سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە، گېرمانىيە ۋە باشقا ئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ياردىمى بىلەن كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. مەركىزىمىز قۇرۇلغان ھامان، دۇنيانىڭ ئەڭ زور زامانىۋى ئالاقىلىشىش تورى بولغان ئىنتەرنەتتە « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » دېگەن نامدا ئەنگلىزچە، گېرمانچە، تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچە تىللاردا مەخسۇس سەھىپە ئېچىلغان ئىدى. بۇ سەھىپىگە « شەرقىي تۈركىستان »، « تارىختا شەرقىي تۈركىستان »، « ئىنسان ھەقلىرى »، « ئالاقىلىشىڭ »، « ھاۋارايى »، « شەرقىي تۈركىستان خەۋەرلىرى »، « ئەدەبىيات ۋە كىتاب »، « ئىسلام »، « ئۇيغۇر لاتىن ھەرپلىرى »، « بىلگىنەت »، « ئۈچقۇن گېزىتى »، « ئارخىپ كۆرۈنۈشلەر »، « خەۋەر ئاگېنتلىقلىرى »، « ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى »، « ئۇسمۇرلەر سەھىپىسى » قاتارلىق 15 چوڭ ماۋزۇدا مەخسۇس تارماق سەھىپىلەر ئېچىلدى. ھازىرغا قەدەر بۇ سەھىپىلىرىمىزگە يۇقارقى 4 خىل تىلدا 10 مىڭ بەتتىن ئارتۇق خەۋەر - ئۇچۇر، ئالاقە، ماتېرىيال، تەتقىقات ئەسىرى ۋە ئارخىپ - كۆرۈنۈشلەر كىرگۈزۈلدى. پەقەت « ئارخىپ - كۆرۈنۈشلەر » دېگەن سەھىپىمىزنىڭ ئۆزىگىلا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى مىڭ پارچىدىن ئارتۇق فوتو - سۈرەت ۋە رەسىم كىرگۈزۈلدى، ئۇندىن باشقا بىز يەنە ئىنتەرنەتتىكى « شەرقىي تۈركىستان خەۋەرلىرى » دېگەن سەھىپىمىز ئارقىلىق تاشقى دۇنيانى شەرقىي تۈركىستاندا يۈزبەرگەن ھەربىر ۋەقە ۋە ھادىسىلەردىن ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ تۇرۇشقا تىرىشىپ كېلىۋاتىمىز ۋە بۇھەقتە كۆپلىگەن چەتئەل ئاخبارات ۋە ئۇچۇر مەركەزلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتىمىز، كۆپلىگەن چەتئەل خەۋەر ئاگېنتلىقلىرى ۋە بەزى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ئىنفورماتسىيون مەركىزىمىز تەمىنلىگەن خەۋەر - ئۇچۇرلارنى موھىم خەۋەر مەنبەسى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ ئىشلەتتى. ھازىرغا قەدەر ئىنفورماتسىيون مەركىزىمىزنىڭ ئىنتەرنەت سەھىپىسىگە كىرگەن دۆلەت ۋە رايون 60 تىن، شەخسلەر بولسا 50 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى. كۆپچىلىككە مەلۇمكى ھازىر دۇنيا ئىنتەرنەت دەۋرىگە قەدەم قويدى، يېقىن كەلگۈسى ئىچىدە ئىنتەرنەت پۈتۈن دۇنيانىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاقىلىشىش ۋاستىسىغا ئايلىنىدۇ، بۇ مۇقەررەر بىر يۈزلىنىش، شۇڭا بىز دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، تېخنىكا جەھەتتىكى يېتىشمەسلىكلىرىمىزنى تولۇقلاشقا ۋە ئىنتەرنەتتىكى سەھىپىلىرىمىزنىڭ مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا بېيىتىشقا تىرىشىۋاتىمىز ».

ئابدۇجېلىل ئەپەندى « ئۈچقۇن » گېزىتىنىڭ نەشرقىلىنىش سەۋەبى ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات بېرىپ مۇنداق دېدى: « ئىنفورماتسىيون مەركىزىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان تاشقى دۇنيانى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىرگە، ۋەتەن سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى ۋە شەخسلىرىمىزنى، شۇنداقلا چەتئەلدە نەشر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە گېزىت - ژۇرناللىرىمىزنى ۋەتەن ھەققىدىكى تۈرلۈك يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ئىدۇق، ئەپسۇسكى ۋەتەن سىرتىدا نەشر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە تەشۋىقات ۋاستىلىرىمىزنىڭ سانى، تىراجى ۋە تارقىلىش دائىرىسى چەكلىك بولغاچقا، خەلقىمىزنىڭ بۇجەھەتتىكى ئېھتىياجلىرى تازا ئەتراپلىق قامدىلىپ كېتەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 20 نەچچە يىلدىن بۇيان قازاقىستاندا نەشرقىلىنىپ كېلىۋاتقان « يېڭى ھايات » گېزىتىنىڭ بۇيىلىنىڭ بېشىدا قازاقىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن توختىتىپ قويۇلۇشى، ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي تەشۋىقاتىمىز ئۈچۈن زوربىر بوشلۇق ئېلىپ كەلدى، ئىنفورماتسىيون مەركىزىمىز خەلقىمىزنىڭ مىللىي تەشۋىقاتقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە بۇجەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە « ئۈچقۇن » گېزىتىنى نەشرقىلىشنى قارار قىلغان ئىدى، بۈگۈنگە قەدەر بۇگېزىت جەمئى 12 سان نەشر قىلىندى ۋە خەلقىمىزنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ئارقىدىن ئابدۇجېلىل قاراقاش يېقىندا « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » بىلەن گېرمانىيە ۋايمېر ئىنستىتوتىنىڭ ھەمكارلىقىدا قۇرۇلغان « گېرمان - ئۇيغۇر دوستلۇق جەمىيىتى » نىڭ قۇرۇلۇش جەريانى، سەۋەبى ۋە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: « دوستلۇق جەمىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىنفورماتسىيون مەركىزىمىز گېرمانىيە موسۇلمانلىرىنىڭ ( ۋايمېر ئىنستىتوتى «گېرمانىيە موسۇلمان ئادۇۋوكاتلار جەمىيىتى » تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جەمىيەتنىڭ ئەزالىرى خىرىستىيانلىقتىن موسۇلمانلىققا ئۆتكەن گېرمانلاردىن تەركىب تاپقان) ئىزچىل ياردىمىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتىدۇ، مەسىلەن ئۇۋەتتە ئۇلار ئىنفورماتسىيون مەركىزىمىزگە تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ ئىنتەرنەتتىكى سەھىپىسىدە ئايلىق مىڭ مارك قىممىتىدىكى يېرىنى ئىنفورماتسىيون مەركىزىمىزنىڭ ھەقسىز ئىشلىتىشىگە ئاجرىتىپ بەردى، بۇئارقىلىق بىز يىللىق 12 مىڭ ماركلىق چىقىمدىن ساقلىنىپ قالدۇق، بىز ئىككى تەرەپ بۇنىڭدىن كېيىن ھەمكارلىق دائىرىمىزنى يەنىمۇ كېڭەيتمەكچى ».

مۇراسىم ئاخىرىدا « ئۈچقۇن » گېزىتىنىڭ مەسئۇلى ۋە باش تەھرىرى پەرھات مۇھەممىدى سۆزقىلىپ، گېزىتنىڭ مەقسىدى، غايىسى، مەزمۇنى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ مۇنداق دېدى: « گېزىتىمىزنىڭ تۈپ مەقسىدى ۋە غايىسى - مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەن، گېزىتىمىز نەشر قىلىنغاندىن بۇيان تەھرىر ھەيئىتىمىز بۇ يېتەكچى ئىدىيىنى چىڭ تۇتۇپ ئاساستا خەلقىمىزنى ۋەتەن ۋە تاشقى دۇنيا ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى يۈزلىنىشلەردىن خەۋەردار قىلىشقا تىرىشىپ كەلدۇق. گېزىتىمىز ھېچقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنى تەرەپ تۇتماي، ھەممىسى بىلەن ئوخشاش مۇساپە ساقلاپ، ئومومەن ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق تەشكىلات ۋە شەخسلىرىمىزنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى رىيال ھالدا ئەكسئەتتۈرۈشكە تىرىشتۇق، بولۇپمۇ ۋەتەن ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي كۈرىشىمىزنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ۋە يېتەكچى ئىدىيىسىگە ماسلىشىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن گېزىتىمىز نەشرقىلىنىپ قىسقا مەزگىل ئىچىدە بارلىق خەلقىمىزنىڭ ئالقىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. بىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ يېتەكچى ئىدىيىدە چىڭ تۇرىمىز ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ۋەتەن - مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى قەتئى داۋاملاشتۇرىمىز ».

## خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزىۋاتقان بىر - بىرىگە زىت دىنى سىياسەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاساسى قانۇنىنى ئاياق - ئاستى قىلماقتا

(بېشى 5 - بەتتە)

ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئاشكارە ھالدا دىنسىزلىقنى تەرغىپ قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ دىنى ئېتىقات ئەركىنلىكىنى تامامەن چەكلىگەن. بۇنداق ئەھۋاللار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەمملا ساھەسىدە يۈزبەرمەكتە. بۇ، خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنىغا ۋە ئۆزلىرى ئېلان قىلغان « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى » غا ئوچۇقتىن - ئوچۇق خىلاپ ئىدى. چۈنكى ئىلگىرى خىتاي ھۆكۈمىتى پەقەتلا كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭلا دىنغا ئېتىقات قىلىشىنى ۋە ناماز ئوقۇشىنى پرىنسىپ جەھەتتىن چەكلەپ كەلگەن ئىدى.

ئۇندىن باشقا خىتاي دائىرىلىرى يەنە ھەربىر يېزا - كەنتلەردە ھەر 10 ئائىلىنى بىر گۇرۇپپىغا ئايرىپ، بۇ ئائىلىلەرگە قارىتا « بىر - بىرىنى نازارەت قىلىش قانۇنى ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى » نى يولغا قويۇپ، « قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەرنى چەكلەش » دېگەن باھانىدا يېزىلاردىكى دىندار كىشىلەرگە زەربە بېرىشكە باشلىدى.

ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنىدا كۆرسىتىلگەن « بارلىق پۇخرالار دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە » دېگەن سۆزنى تەكىتلەشنىڭ ئۆزىمۇ « جىنايەت » كە ئايلىنىپ قالدى. مەسىلەن، ھازىر گېرمانىيىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ياش دىنى زات ئابدۇجېلىل ئەمەت قارىم ۋەتەندىكى مەزگىلىدە بىرگۇرۇپ جامائەت بىلەن بىرگە خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنىدا كۆرسىتىلگەن پۇخرالارنىڭ دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ يوللىغىنى ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ۋە بىرقانچە يىللىق تۈرمە ھاياتىدا قاتتىق قىيىن - قىستاقلارغا دۇچار بولغان ئىدى.

يۇقارقى ھادىسىلەر شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتى ھېچبىر زامان ئۆزىنىڭ ئاساسى قانۇنىغا ئەمەل قىلغىنى يوق، ئۆزىنىڭ ئاساسى قانۇنىغا ھۆرمەت قىلمىغان بىر ھاكىمىيەتتىن خەلقئارا قانۇنلارغا ھۆرمەت قىلىشنى كۈتۈش تولىمۇ ساددىلىقتۇر. شۇڭا بىزنىڭ بىردىن - بىر چىقىش يولىمىز - مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز - ئۆزىمىزگە خوجا بولۇشتىن ئىبارەت، چۈنكى بىز 50 يىللىق كەچۈرمىشلىرىمىز ئارقىلىق بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولىمىزنىڭ يوقلىقىنى ھەققى يوسۇندا تونۇپ يەتتۇق !

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتى

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر
(تۈركىيە)

شەرقى تۈركىستاننىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتى دۇنياغا مەشھۇر. ختاي قايناقلىرىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمقى زامانغا ئائىت قوشاقلار، بوز قۇرت تۈتىمى، باتۇر تەڭرىقۇت، بۆكەخان رىۋايەتلىرى، ئوغۇزنامە، دەدەقورقۇت، ئالپ ئەرتوڭا داستانلىرى، مەڭگۇ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى، ئىدىقۇت ئەدەبىياتى - ئىرق پۈتۈك، ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى، چاستانى ئىلىگبەگ، ئالتۇن يارۇق، قاراخانىلار ئەدەبىياتى - فارابى ئەسەرلىرى، دىۋان لۇغەتىت تۈرك، قۇتاتغۇبىلىگ، دىۋان ھىكمەت، ئەتەبەتۇلھەقايىق، چاغاتاي ئەدەبىياتى - قىسسەسۇل ئەنبىيا، دىۋان غەزەلىيات، سەككاكى، ناۋايى ئەسەرلىرى......، يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى - ئابدۇرېھىم نىزارى، غەرىبى، سەبۇرى، زىيائى، نىيازى، گۇمنام، خىسلەتى، نازۇگۇم، موللا شاكىر، سادىر پالۋان، موللا بىلال، مۇجىزى، قاراقاشى، موللا ئىمىن، دىلبەردورغا، خەستە، سايرامى، ناقىسى، تەجەللىلەرنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيا ئەدەبىياتىدا ۋە تۈرك ئەدەبىياتىدا قىممەتلىك مىراسلار قاتارىدا تەتقىق قىلىنماقتا.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئابدۇلقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، مەھمەت ئىمىن بۇغرا، مەمتىلى توختاجى تەۋپىق، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىم شېھىت ئارمىيە داموللا قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر يازار - شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى، زۇنۇن قادىرى، ئەخمەت زىيائى، ئىبراھىم تۇردى، ساتتار مەقبۇل چوپان، زىيا سەمەدى، تۇرغۇن ئالماس، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن ھۈسەين قارى، مەھەممەت ئىمىن ئىسلامى، تۇردى سامساق قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى. « غېنى باتۇر » ( زىيا سەمەدى ) ، « نوزۇگۇم » ( تۇرغان توختەم ) ، «ئوتلۇق چەمبەر » ( خىزمەت ئابدۇللىن ) ، « ئويغانغان زېمىن » ( ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ) ، « ماھمۇت قەشقەرى » ( پەرھات جىلان ) ، «ئىزدىنىش » ( زوردۇن سابىر ) قاتارلىق ئەسەرلەرخەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەردىن ئىبارەت.

ھازىر شەرقى تۈركىستاندا 2500 يازغۇچى ، شائىر ، 18 ئەدەبى ژورنال ، 5 ئەدەبىيات فاكولتىتى بار . 240 تىن ئارتۇق رومان ، پوۋېست، مىڭدىن ئارتۇق ھېكايە ، يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق شېئىر ، ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كىلاسسىك ئەدەبىيات كىتاۋى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا نەشر قىلىندى.

شەرقى تۈركىستان دۇنيادا « سەنئەت ماكانى» دەپ نام ئالغان. ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ختاي ۋە ياپونىيەگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تارىخى دەۋرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مىللى ئۆزگىچىلىگى، تېكىست سۆزىنىڭ باي مەزمۇنى ، مۇزىكىسىنىڭ مۇكەممەللىگى شۇنىڭدەك بىرىيۈرۈش قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىگى بىلەن دۇنيا سەھنىسىدە ئالاھىدە باھاغا ئېرىشمەكتە. نوروز پائالىيىتى ۋە مەشرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممىۋى سەنئەت پائالىيىتى بولۇپ، خەلق دوستلۇق ۋە سەمىمىيىتىنى ، دەرت - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرىتىنى، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى بۇ پائالىيەتلەردە ناخشا، مۇزىكا، ئۇسۇل ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ داپ، دۇمباق، غىجەك، نەي، قالۇن، ساتار، دۇتار، تەمبۇر، راۋاپ، چاڭ، قوبۇز، ساپايە، تاش، ئۇد قاتارلىق قەدىمى چالغۇ ئەسۋاپلىرى بار . دۇتار، تەمبۇر، راۋاپ ھەر ئائىلىدە ئومۇملاشقان.

# شېئىرلار

نۇرمەمەت ھەسەن ( قىرغىزستان )

## ئانا - ئانا ۋەتەن

ۋەتەن سۆيمەكلىك قەلبىمگە ئانامنىڭ سۈتىدىن كىرگەن،
شۇڭا پۈتكۈل ھاياتىمدا ۋەتەننى سۆيگۈنۇم - سۆيگەن ،
ۋەتەننى قىبلىھگاھ ئەيلەپ ئۆمۈر بويى تاۋاپ قىلماق،
ماڭا جەننەت ساۋابدۇر ۋەتەن ئۈچۈن كۈل بولۇپ كۆيگەن.

ۋەتەنسىزلىك بەس، مۇشكۈل بۇ دۇنيادا تىرىك جانغا،
شۇڭا تەڭرىم پەرىز قىلغان ۋەتەن سۆيمەكنى ئىنسانغا،
ۋەتەنگە جانىپدا ئەيلەپ ئۇنى ئىمان بىلەن سۆيسەڭ،
ئەنە شۇندا يېتەرسەنكى جەننەتى - گۈلىستانغا.

ئۆزەمنى بەختىيار دەيمەن ۋەتەن دەپ مىڭ جاپا كۆرسەم،
سىبزەرمەنكى گۈلستاندەك ۋەتەن دەپ دەشتتە يۈرسەم،
ئەقىدەم كۈچ - قۇۋەت بەرگەش ئۈمىت يۇلتۇزۇم ئۆچمەس،
كۆڭلۈمدە ئارمىنىم قالماس ئېلىمنى رازى قىلىپ ئۆلسەم.

مېنىڭ پەخرىم، غۇرورۇم سەن، سېنىڭ مېھرىڭ بار قەلبىمدە،
« ۋەتەن » دەپ قانچە يازسام سۆزلۈم پۈتمەيدۇ قەلبىمدە،
ئاق سۈتۈڭنى ئۇنتۇپ ئۆلسەم كۆزلۈم يۇمۇلماس،
دوزاق ئوتى كۆيدۈرسۇن تۇرمىسام گەر قەسىمىمدە.

## غەزەل

بۇدۇر ئۇيۇشۇش دەۋرى يۈرەمدۇق يەنىمۇ چەتتە ،
ئەگەر ئۇيۇشمىساق ئەمدى، سادا چىقمايدۇ نۇسرەتتە.
كۆرۈڭكى جانىپدا ئەتكەن ئەللەر بەختىنى تاپتى،
ۋەتەننىڭ غېمىنى بىزمۇ قىلايلى مۇشۇ پۇرسەتتە.
ياتلاردىن كۈتۈپ نىجات يۈرەمدۇق يەنىمۇ بىغەم،
يۈرەكنىڭ پارىسى زەرداپ يۇتۇپ تۇرسا ئاسارەتتە.
لەھەتلەردىن ندا كەلدى شېھىتلار روھى قوروُنغان،
« ئۇنۇتتۇڭ بىزنىمۇ ئەۋلات مەس بولۇپ بۇ پاراغەتتە ».
ئازارلىق يولىدا بىزلەر سىزلەر ئۈچۈن شەھىت بولغان،
ۋەتەن - ئەل تەغدىرىنى سىزلەرگە تاپشۇرغان ئامانەتتە.
كۆرۈڭ نارىسىدىلەر قاخشاپ ئەجەل گىرداۋىدا نىمجان،
شۇلارنىڭ ئاھۇ - زارىنى ئاڭلاڭ يۈرمەي خىيالەتتە.
قەبرىگە قونمىسۇن توزاڭ، قەبرىدە ياتايلى بىز جىم،
تارىخقا چۈشمىسۇن ھىچ داغ ، ئەل كۈلسۇن سائادەتتە.
ئاداۋەت بولدى توسقۇنلۇق ئاسارەتتىن قۇتۇلمىدۇق،
ئۆسەك سۆز ، پىتنە - غەيۋەتنىڭ سورىقى بار قىيامەتتە.
ئايا « نۇرى » ۋاختى يەتتى قوشۇلغىن بۇ ئۇلۇغ سەپكە،
ۋەتەنگە جان پىدا ئەتكىن قىلىپ جۈرئەت - جاسارەتتە.

# ئابدۇجېلىل قاراقاش «تۈركىيە هوقۇقچىلار جەمىيىتى» نىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشتى

ئۆزمۇخبىرىمىزنىڭ ئىسپانىيەدىن بەرگەن خەۋىرى: «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نىڭ رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى يۇيل 5-ئاينىڭ 18-كۈنى ئىسپانىيەدە چاقىرىلغان «ياۋروپا موسۇلمانلىرى كونسىيى» نىڭ يىللىق يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىلدە، بۇقېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن تۈركىيەدىن كەلگەن «تۈركىيە هوقوقچىلار جەمىيىتى» نىڭ رەئىسى نىجاتى جەيلان ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ھەققىدە ئەترابلىق پىكىر ئالدى. كۆرۈشۈش جەريانىدا ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى ئۇنىڭغا قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلىپ قېچىپ چىققان ئۇيغۇر ياشلىرىنى بىر-بىرلەپ تۇتۇپ خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ بۇمەسىلە ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سورىغاندا، نىجاتى جەيلان ئەپەندى جاۋابەن مۇنداق دېدى: «ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرى ئەپسۇسكى دۇنيادىكى ھەممە دۆلەتلەردە مەۋجۇت، بولۇپمۇ ئۇۋەتتە ئاسارەت ئىچىدە ياشاۋاتقان موسۇلمان خەلقلەرگە قارىتىلغان زۇلۇملار تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا. كۆپلىگەن ئەللەردە خەلقئارا قانۇنلار قاتتىق ئاياق-ئاستى قىلىنىۋاتىدۇ، خەلقئارا ئەھدىنامىلارغا ئىمزا قويغان دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە توغرا كەلمىسە ئۇنى ئىجرا قىلمايدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا بۈگۈنكى دۇنيادا كىمدە كۈچ بولسا، قانۇن شۇنىڭ، مەسىلەن قازاقىستاننىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى بۇنىڭ جانلىق مىسالى، ئەمما قازاقىستان شۇنى ئۇنۇتماسلىقى كېرەككى، ھامان بىر كۈنى ئۇلارنىڭ بېشىغىمۇ ئاشۇنداق بىر كۈن كېلىدۇ. بىزنىڭ جەمىيىتىمىز تۈركىيەدىكى ئادۋوكاتلاردىن تەركىب تاپقان جەمىيەت بولۇپ، خەلقئارا قانۇن ۋە ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە ناھايىتى سەگەكمىز، شۇڭا بىز قازاقىستاننىڭ بۇ قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلەيمىز ۋە ھەرزامان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يېنىدا تۇرىمىز».

نىجاتى جەيلان ئەپەندى تۈركىيەگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن تۈركىيەدىكى ھەرقايسى ئىجتىمائىي ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن زىچ ئالاقە ئورنىتىپ، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىۋاتقان قىلمىشلىرى ھەققىدە جامائەت پىكرى توپلايدىغانلىقىنى ۋە بۇ ئارقىلىق قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماسلىق توغرىسىدا بېسىم ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



# دۇنيادىكى ئەڭ باي 7 سانائەت دۆلىتى نامرات دۆلەتلەرنىڭ قەرزلىرىنى كەچۈرۈم قىلماقچى

ئۆزخەۋەرىمىز: يۇيل 6-ئاينىڭ 12-كۈنى گېرمانىيىنىڭ فرانكفورت شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن تەرەققىي قىلغان 7 غەرب سانائەت دۆلىتى مالىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىدا، بۇ 7 باي دۆلەت دۇنيادىكى 36 كەمبەغەل دۆلەتنىڭ 80 مىليارت دوللارلىق قەرزىنى تامامەن كەچۈرۈم قىلىۋېتىش ياكى مەلۇم دەرىجىدە ئازايتىش ھەققىدە بىردەك پىكىرگە كېلىشتى. ئىلگىرى بۇ دۆلەتلەر دۇنيادىكى 29 كەمبەغەل دۆلەتنىڭ قەرزلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقلىرىنى ئېلان قىلغان ئىدى، بۇقېتىم فرانكفورتتا بىر كۈن داۋام قىلغان يىغىن جەريانىدا، كەمبەغەل دۆلەتلەرنىڭ سانى 36 غا كۆپەيتىلدى.



# «ياۋروپا پارلامېنتى» نىڭ ئومۇمىي سايلىمى ئاخىرلاشتى

ئۆزخەۋەرىمىز: يۇيل 6-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 14-كۈنىگە قەدەر ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئومۇمىي سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. سايلامغا، ياۋروپا بىرلىكىگە ئەزا بولغان 15 دۆلەتتىن جەمئىي 297 مىليون كىشى قاتناشتى ھەمدە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ 626 ئەزاسى قايتىدىن سايلاپ چىقىلدى. ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى ياۋروپا بىرلىكى تەركىبىدىكى 15 دۆلەتنىڭ نوپۇسىغا قارىتا تەقسىم قىلىندى، بۇنىڭغا ئاساسەن گېرمانىيىدىن 99، ئەنگلىيە، ئىتالىيە ۋە فرانسىيەلەرنىڭ ھەربىرىدىن 87 دىن، ئىسپانىيەدىن 64، گوللاندىيەدىن 31، بېلگىيە، گرېتسىيە ۋە پورتۇگالىيەنىڭ ھەربىرىدىن 25 دىن، شۋېتسارىيەدىن 22، ئاۋستىرىيەدىن 21، فىنلاندىيە ۋە دانىيەنىڭ ھەربىرىدىن 16 دىن، ئىرلاندىيەدىن 15، لۇكسېمبۇرگدىن 6 نەپەر كىشى ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلاپ چىقىلدى. ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ 626 نەپەر ئەزاسىنىڭ 44 نەپىرى كوممۇنىستلاردىن ئىبارەت.



جاپاپى ئاللاھ مەدەتكارىمىز بولغاي!

گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى:
ئابدۇلجېلىل قاراقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىر ۋە مونتاژ:
ئۆمەرجان شاھيارى

تەھرىرلەر:
پەرىدە نىياز
ئايگۈل ئەسەتكىچىك
كوررېكتور:
ئۈچقۇن قەشقىرى

گېزىتىمىزگە بېسىلغان ماقالىلارنىڭ مەزمۇنىنى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر. گېزىتىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخباراتلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

E TIC
Lindwurmstr. 99
80337 Munchen Germany
E Mail:etic@ uygur.com
Internet:www.uygur.com
Tel:0049/89/543 88 99
Fax:0049/89/54 45 63 30

گېزىتنى بېسىپ تارقاتقۇچى:
«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى»
نەشرىيات مۇدىرى
ئابدۇلجېلىل تۇران
Tel&Fax: 0090 212 6790370

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نەشر قىلدى

« ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ » ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنماقتا

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

1999 - يىلى 6 - ئاي
14 - سان

گېرمانىيىدە نەشر قىلىندى
Eastern Turkistan
Information Center


## قازاقىستان ھۆكۈمىتى يەنە 5 نەپەر ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش ئالدىدا تۇرماقتا

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، گېزىتىمىزنىڭ ئۆتكەنكى سانىدا قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلارنى خەلقئارا قانۇنلارغا خىلاپ ھالدا تۇتقۇن قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەمدە 4 - ۋە 5 - ئايلاردا سابىت روزى، ئۇمىت ئابدۇساتتار قاتارلىق ئىككى شەرقىي تۈركىستانلىق ياشنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلاپ، بۇلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدۇق. ( داۋامى 2 - بەتتە )

## قەھرىمان غوجامبەردى ئالمۇتادا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي كونفىرانستا قازاقىستان ھۆكۈمىتىنى ئەيىپلىدى

ئۆزمۇخبىرىمىزنىڭ قازاقىستاندىن بەرگەن خەۋىرى: بۇيىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھرىدە، قازاقىستاننىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىدىكى سىياسىي نازارەتلەر » دىگەن تېمىدا ئىلمىي كونفىرانس ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى كونفىرانسقا قازاقىستاندىكى بىرقىسىم دېموكراتىك پارتىيىلەر،تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە دېموكراتىك پىكىر - ئېقىمدىكى بەزى مەشھۇر زاتلار ئىشتىراك قىلدى. (داۋامى 2 - بەتتە)

## ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى بوسنا - ھەرسەك 7 - كورپۇس ئارمىيىسىنىڭ سابىق باش قوماندانى گېنىرال مۇھەممەت ئالاجىج بىلەن كۆرۈشتى

ئۆزمۇخبىرىمىزنىڭ ئىسپانىيەدىن بەرگەن خەۋىرى: « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ باشلىقى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى بۇيىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئىسپانىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر خەلقئارالىق كونفىرانستا، بوسنا - ھەرسەك 7 - كورپۇس ئارمىيىسىنىڭ سابىق باش قوماندانى گېنىرال مۇھەممەت ئالاجىج بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن مىللىي مۇجادىلىمىز ھەققىدە تەكلىپ - پىكىر ئالدى. ( داۋامى 2 - بەتتە )



## « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » قازاقىستان ھۆكۈمىتىنى ئەيىپلەپ بارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا مۇراجەتنامە يوللىدى

ئۆزخەۋىرىمىز: بۇيىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ، دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى باشچىلىقىدىكى بارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا ۋە دۇنيا مەتبۇئاتلىرىغا مۇراجەتنامە يوللاپ، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا قانۇنلارنى ئاياق - ئاستى قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىن ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېچىپ چىققان ئۇيغۇر سىياسىي قاچقۇنلارنى تۇتۇپ خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىۋاتقانلىق قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىپلىدى. « قازاقىستان ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە شېرىك بولماقتا » دىگەن سەرلەۋھەدە يېزىلغان بۇ مۇراجەتنامە ئەنگلىزچە ۋە تۈركچە تىللاردا بولۇپ، ئۇنىڭدا قازاقىستاننىڭ يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەن ۋە قايتۇرۇپ بېرىشكە ھازىرلىنىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر قاچقۇنلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، قايتۇرۇپ بېرىلىش سەۋەپلىرى ۋە تۇتقۇن قىلىنىش ئەھۋاللىرى تولۇق يەرئالغان. بۇ مۇراجەتنامە ئىنتەرنەت تورى ئارقىلىق تارقىتىلىپ بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا « تۈركىيە » گېزىتى ۋە گېرمانىيىدىكى « ئىسلام گېزىتى » قاتارلىق گېزىتلەر مۇراجەتنامىنىڭ مەزمۇنىنى ئەينەن خەۋەر قىلدى.

## « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » قازاقىستان ئەلچىخانىسىغا 2 - قېتىم نارازىلىق خېتى تاپشۇردى

ئۆزمۇخبىرىمىزنىڭ سىدنېيدىن بەرگەن خەۋىرى: بۇيىل 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » نىڭ رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى ئاۋۇستىرالىيىدە ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلار نامىدىن قازاقىستاننىڭ ئاۋۇستىرالىيىدىكى باش ئەلچىسى ئېرمەك ساۋدا بايبۇقا فاكس ئارقىلىق 2 - قېتىم نارازىلىق مەكتۇبى يوللىدى. ( داۋامى 2 - بەتتە )

## دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئاۋمىندا

( خەۋىرى 3 - بەتتە )



« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئاۋمىندا

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » قانۇن كومىتېتىنىڭ باشلىقى ئەنۋەر نورۇز ياشلار قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن بۇيىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئاۋمىندا ئۆتكۈزۈلگەن « بىر دۆلەتتە ئىككىخىل تۈزۈم » دېگەن تېمىدىكى خەلقئارالىق ئىلمى كونفىرانسقا قاتناشتى. بۇ، ۋەتەن سىرتىدىكى مىللى مۇجادىلە تارىخىمىزدا تۇنجى قېتىم بىر شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى ۋەكىلىنىڭ ئاۋمىنغا بېرىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

« جۇڭگو باھارى » ژورنىلى بىلەن « ئاۋمىن دېموكراتىيىنى تەرەققى قىلدۇرۇش بىرلەشمە كومىتېتى » بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان بۇقېتىمقى كونفىرانسقا، چەتئەلدىكى ھەرقايسى خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان ۋەكىللىرى ھەمدە بەزى چەتئەللىك مۇتەخەسسىلەر تەكلىپ قىلىندى.

« دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ ۋەكىلى ئەنۋەر نورۇز كونفىرانسنىڭ تۇنجى كۈنى، « مىللى تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ۋە بىردۆلەتتە ئىككىخىل تۈزۈم » دېگەن تېمىدا مەخسۇس دوكلات بېرىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى سىياسەتلىرىنى بىر - بىرلەپ پاش قىلدى.

ئەنۋەر نورۇز دوكلاتىنىڭ باش قىسمىدا قىلغان سۆزىدە، گەرچە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ 1955 - يىلى شەرقىي تۈركىستانى « ئاپتونوم رايون » دەپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تاكى ھازىرغا قەدەر خىتاينىڭ مىللى تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ھېچبىرىنىڭ بۇ زېمىندا ئەمەللىشىپ باقمىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە بولسا شەرقىي تۈركىستانى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىچىلىكمۇ سالاھىيىتى ۋە ھوقوقى بولمىغان بىر رايونغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ قويغانلىقىنى، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىپ، يەرلىك خەلقنى 2 - سىنىپقا ئايرىپ، باشتىن - ئاخىرى يەرلىك خەلقنى ئاتسىمىلاتسىيە قىلىپ ۋە قىرىپ يوقۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ ئەپتى - بەشىرىسىنى تولۇق كۆرۈپ يەتكەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تامامەن مىللى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا بىر تاللاش يولىنىڭ قالمىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئەنۋەر نورۇز يەنە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تەيۋەن، شاڭگاڭ ۋە ئاۋمىن خەلقلىرىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان بىر دۆلەتتە ئىككىخىل تۈزۈم تەكلىۋىنىڭ يەنە بىر سىياسى نەيرەڭدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ھامان بىركۈنى ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، بۇرايونلارغا كوممۇنىستىك سىستېمىنى كۆچۈرۈپ كېلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن تەيۋەن، شاڭگاڭ ۋە ئاۋمىن خەلقلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىن ساۋاق ئېلىپ، كوممۇنىستىك خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ



بۇ نەيرەڭلىرىگە قارشى ھازىردىن باشلاپ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەنۋەر نورۇز دوكلاتىدا يەنە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسى ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلى ۋە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرخىل شەكىلدىكى ھەققانى مىللى كۈرەشلىرىنى تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئەنۋەر نورۇز دوكلاتىنىڭ ئاخىرىدا، « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى ئومومى بايانامىسى » نى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغان بارلىق خىتاي دېموكراتلىرىنى، قاتتىق ئېزىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ھېسداشلىق قىلىشقا ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانى ھەق - ھوقوقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىنى قوللاشقا چاقىردى.

# تىبەت قوزغىلىڭىنىڭ 40 يىللىقى خاتىرىلەندى

ئامېرىكىدىكى « ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى » نىڭ مۇخبىرى ئۆمەرقاناتنىڭ بوندىن بەرگەن خەۋىرى:

1999 - يىلى 6 - ئاينىڭ 19 - 20 - كۈنلىرى گىرمانىيىدىكى تىبەتنى ھىمايە قىلغۇچى تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن گىرمانىيىنىڭ پايتەختى بون شەھرىدە تىبەن قوزغىلىڭىنىڭ 40 - يىللىقى مۇناسىۋتى بىلەن ئىلمى كونفىرانس ئۆتكۈزۈلدى. بۇقېتىمقى كونفىرانسقا، تىبەتلىكلەرنىڭ دىنى ۋە سىياسى داھىيسى دالاي لاما، لىتۋانىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى كازىمېرە پۇرىسكىنە، تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تەنزىن تېتوڭ، ئۇيغۇر دىپلومات ۋە سىياسىيون ئەركىن ئالىپتېكىن قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەر قاتناشتى.

كونفىرانستا ئالدى بىلەن تىبەتلىكلەرنىڭ دىنى ۋە سىياسى داھىيسى دالاي لاما سۆزقىلىپ مۇنداق دېدى:

« ئەگەر كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئەينى چاغدا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ تىبەتتە ھەقىقى ئاپتونومىينى يولغا قويغان بولسا، كوممۇنىست خىتايغا قارشى تىبەت قوزغىلىڭىمۇ يۈزبەرمىگەن بولاتتى ۋە بىزمۇ ھازىرغا قەدەر بۇ كۈرەشنى قىلمىغان بولاتتۇق، ھەتتا خىتايدىمۇ « مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى » دېگەنگە ئوخشاش بىرقاتار سىياسى ھەرىكەتلەر يۈزبەرمىگەن بولاتتى. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرماسلىقى تۈپەيلىدىن ھەم تىبەت خەلقى، ھەم خىتاي خەلقى زىيان تارتتى. بىز ھازىر خىتايدىن چوڭ بىر نەرسىنى تەلەپ قىلغىنىمىزيوق، بىزپەقەت مىللى كىملىكىمىزنى، مىللى مەدىنىيىتىمىزنى، دىنىمىزنى ۋە مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلاپ قېلىشنى ، شۇنداقلا ئىنسانى ھەق - ھوقوقلىرىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىمىز. ئەپسۇسكى خىتاي ھاكىمىيتى ھەتتا مۇشۇ تەلەپلىرىمىزگىمۇ قۇلاق ئاسمايۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن ئۈمىتسىزلەنمەي، يەنىلا تىنچلىك شەكلى ئارقىلىق بۇ نىشانىمىزغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشۋاتىمەن. بۇسەۋەپتىن ئىچىمىزدىكى قاتتىقلىق تەرەپدارلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزنىڭ نارازىلىقىغا ۋە بېسىمىغا ئۇچرىغان بولسالىممۇ، ئەمما مەن يەنىلا ھازىرغا قەدەر تىنچلىك تەرەپدارى بولۇپ كەلدىم. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىرمۇ ھەم مېنىڭ تەلەپلىرىمنى قوبۇل قىلسا، ئىچىمىزدىكى قاتتىقلىق تەرەپدارلىرىنى تىنچلىق شەكلى بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا قايىل قىلالايمەن. ئىمە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بىز ھېچبىر زامان ئۈمىتسىزلىنىپ باقمىدۇق ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەسلا ئۈمىتسىزلەنمەيمىز. چۈنكى ئېلىپ بېرىۋاتقان داۋايىمىز ھەقلىق بىر داۋا بولغىنى ئۈچۈن، ھامان بىركۈنى مۇۋاپىقيەتكە ئېرىشىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمىز. مەن شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ قەتئى ئۈمىتۋار بولۇپ، ھەقلىق داۋاسىنى ئاخىرىغا قەدەر داۋاملۇتۇرۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن ۋە ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن ».

دالاي لامادىن كېيىن، لىتۋانىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى كازىمېرا پۇرۇنىسكىنە سۆزقىلىپ، ئەينى چاغدا لىتۋانىيەنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇش جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىلىرىنى ۋە بۇھەقتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىنى قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ ئۆزىنىڭ مىللى مەۋجۇتلىقىنى ۋە مىللى مىراسلىرىنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تەنزىن تېتوڭ سۆزقىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەت مەسىلىسىنى ۋە شۇنداقلا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ خەلقئارا سەھنىلەردە ھېچبىر ئېتىۋارغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى، تىبەت مەسىلىسىنىڭ خەلقئارادا خىتاي ئۈچۈن ئەڭ ئاساسلىق ئۆتكەل ئىكەنلىكىنى، شۇڭا خىتاينىڭ دالاي لامانىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تىنچلىق تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، تىبەت مەشىلىسىنى ھەم تىبەت خەلقىغە، ھەم خىتاي خەلقىغە پايدىلىق بىرشەكىلدە ھەل قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ».

بۇقېتىمقى يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان ئۇيغۇر سىياسىيون ۋە دىپلومات ئەركىن ئالىپتېكىن يىغىندا سۆزقىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزەلدىن تىنچلىقپەرۋەر

(داۋامى 4 - بەتتە)

# « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومۇتېتى » نىڭ پۈتۈن ۋەتەنداشلىرىمىزغا مۇراجاتى

سىزلەرگە مەلۇمكى، شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى نى بۇيىل ئۆكتەبىردە گېرمانىيەدە ئېچىشنى قارار قىلدى. مىللى قۇرۇلتاينىڭ دۇنيانىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان گېرمانىيەدەك كۈچلۈك بىر غەرىپ دۆلىتىدە چاقىرىلىشى، مۇقەددەس مىللى داۋايىمىزنى خەلقئارالاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تاشلانغان موھىم قەدەمدىن ئىبارەت. بۇقېتىمقى مىللى قۇرۇلتاينى چاقىرىشتىكى ئاساسى مەقسەت، دۇنياغا يۈزلەنگەن كۈچلۈك كادرولاردىن تەركىپ تاپقان، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى ۋە مىللى داۋايىمىز بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شەخسلىرىمىزنى تولۇق ئۆزئىچىگە ئالغان، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق خەلقىمىزگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان نوپوزلۇق، قۇدرەتلىك بىرخەلقئارالىق ئورگىنىمىزنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەييارلىق كومۇتېتىمىز ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ قۇرۇلتايغا تولۇق قاتنىشىشىغا. مىللى داۋايىمىزغا جىددى كېرەكلىك بولغان يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ چىقىپ ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلىنىشقا ۋە قۇرۇلتاينىڭ بىرلىك. باراۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىق كەيپىياتى ئىچىدە مۇۋاپىقيەتلىك چاقىرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشىدۇ. بىز شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمىزكى، بۇقېتىمقى قۇرۇلتاي 50 يىلدىن بۇيان ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللى مۇجادىلىمىز ئۈچۈن زور بىر بۇرۇلۇش ئۆقتىسى بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن. بۇقېتىمقى مىللى قۇرۇلتاينى مۇۋاپىقيەتلىك ئۆتكۈزۈش، ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخى ۋەزىپىسى. بىز شۇنداق دەپ ھېساپلايمىزكى، بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ مۇۋاپىقيەتلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلىشىگە ۋە بۇ نارقىلىق نوپوزلۇق بىر خەلقئارالىق ئورگىنىمىزنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا ھەسسە قوشۇش، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھەمدە ۋەتەن ئىچىدە مىللىتى ئۈچۈن قان كېچىپ كۈرەش قىلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىگە جاۋاپ قايتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يۇرىستى. سىزنىڭ مىللى قۇرۇلتاينىڭ مۇۋاپىقيەتلىك چاقىرىلىشى ئۈچۈن ئىشانە قىلغان ھەربىر سىنتىڭىز ۋە ھەربىر تىيىنىڭىز، ۋەتەن ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ تومۇرىغا ئاققان بىرتامچە قان ۋە دۈشمىنىمىزنىڭ يۈرىكىگە ئېتىلغان بىرپاي ئوقتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا بىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىردە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزدىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ تارىخى مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، قۇرۇلتاي تەييارلىق كومۇتېتىنىڭ ئىئانە توپلاش كامپانىيەسىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشنى ۋە ناز - كۆپ دىمەي شەرت - شارائىتى يارىبەرگەن ئاساستا تەييارلىق كومۇتېتىمىزغا ئىقتىسادى جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى ئارزۇ ۋە ئۈمىت قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق تەشكىلاتلىرىمىزدىن ۋە مىللى داۋايىمىزغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان شەخسلىرىمىزدىن تەييارلىق كومۇتېتىمىزنى مىللى قۇرۇلتايغا ۋە مىللى داۋايىمىزنىڭ كەلەچىكىگە مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەر بىلەن تەمىنلىشنى ۋە بۇ نارقىلىق ئۆخسانلاردىن خالى بىر مىللى ئورگاننىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشلىرىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
« خەلقئارا مىللى قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومۇتېتى »
رەئىس : ئەسقەرجان
مۇئاۋىن رەئىسلەر: ئابدۇجېلىل قاراقاش
دولقۇن ئەيسا

مىللى قۇرۇلتايغا ياردەم بەرگۈچىلەر ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:

Ostturkistanische Union e.v (Germany)
Hypo _ Vereinsbank
Konto_Nr. 43728466
BLZ.700 20270

ئالاقىلىشىش ئادرېسىمىز:

Lindwurm str.99
80337 munchen Germany
Tel/ 0049/5438899
Fax/ 0049/89/ 54456330

(بۇ مۇراجەتنامە مىللى قۇرۇلتاي ئېچىلغانغا قەدەر گېزىتىمىزنىڭ سەھىپىسىدە ئىزچىل يەر ئالىدۇ. تەھرىردىن)

# تىبەت قوزغىلىڭىنىڭ 40 يىللىقى خاتىرىلەندى

(بېشى 3 - بەتتە)

خەلق ئىنكەنلىكىنى، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانى ھەق - ھوقوقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى تىنچلىق شەكلى بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دىدى: « خۇددى پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم بولغىنىدەك، ھازىر شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق كۈرەشكە ئاتلاندى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمى ۋە تېرورىستىك سىياسىتى، خەلقىمىزنى بۇخىل شەكىلدە كۈرەش قىلىشقا مەجبۇرلىدى. خۇددى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان دوكلاتىدا بايان قىلىنغىنىدەك، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا سانسىزلىغان بىگۇنا كىشىلەر خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلانماقتا، تۈرمىلەردە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللاربىلەن قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىنماقتا، ئۇيغۇرلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئۆلۈم جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىنماقتا، ئومومەن قىلىپ ئېيتقاندا خىتاي ھاكىمىيىتى تۈرلۈك زۇلۇملىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ سەۋرىنى تاشۇرۇپ، تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇڭا شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسى ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىگە تامامەن خىتاي ھاكىمىيىتى سەۋەبچى بولدى. شۇڭا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقىمىزنى « تېرورىست » دەپ ئەيىپلىشىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق ».

# ئىستانبۇلدا تۆرك دۇنياسى باللار بايرمى ئۆتكۆزۆلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋرى: « 5 - قېتىملىق تۆرك دۇنياسى باللار بايرمى » بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە داغدۇغۇلۇق ھالدا ئۆتكۈزۈلدى. تۈركىيەدىكى « تۆرك دۇنياسى تەتقىقات مەركىزى » تەرىپىدىن ئويۇشتۇرۇلغان بۇ قېتىمقى بايرامغا، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى 36 تۆرك توپلىمىدىن 310 نەپەر ئوقۇغۇچى ۋەكىلى ۋە 72 نەپەر ئوقۇتقۇچى ۋەكىلى قاتناشتى. شۇ كۈنى بايرام پالىيتىگە قاتناشقان ھەر قايسى تۈركىي مىللەتلەرگە مەنسۇپ ئۆسمۈر - باللار ئۆزلىرىنىڭ رەڭگا - رەڭ ئەنئەنىۋى بايرام كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ بايراقلىرىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئىستانبۇل شەھرىنىڭ چوڭ كوچىللىرىدا يۈرۈش قىلىپ ئىستانبۇل خەلقىنى ئۆزلىرىگە ئالاھىدە جەلىپ قىلىشتى. تۈركىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر ۋە قازاق ئۆسمۈرلىرىمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە قاتناشتى.






# قازاقىستان ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە شېرىك بولماقتا

*( قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىققان سىياسىي قاچقۇنلارنى تۇتۇپ خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ خەلقئارا تەشكىلاتلارغا يوللىغان مۇراجاتى )*

نۆۋەتتە خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانى ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ ئېغىر ھالدا دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئومومى بايانناممىسىدا كۆرسىتىلگەن ئىنسانى ھەق - ھوقۇقلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىدىن تېنچلىق ئۇسۇلى بىلەن تەلەپ قىلغان مىڭلارچە بىگۇنا ئىنسانلارنىڭ تۈركۈملەپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرىلىۋاتقانلىقى، سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن قىيىن - قىستاققا ئېلىنىۋاتقانلىقى پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىلىنمەكتە، « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ يېقىندا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرى ھەققىدە ئېلان قىلغان 92 بەتلىك مەخسۇس دوكلاتىمۇ بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ جىددى سىياسى ۋەزىيەتكە ئاساسەن يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان خېلى كۆپلىگەن دۇنيا مەتبۇئاتلىرى شەرقىي تۈركىستانى 2 - كوسوۋاغا ئوخشاتماقتا.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن بىۋاستە ئالغان مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، پەقەت 99 - يىلى 1 - ئايدىن 6 - ئايغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا 100گە يېقىن ئۇيغۇر خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. قىسقىسى، شەرقىي تۈركىستان خىتاي بويىچە يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان سىياسى مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقان بىردىن - بىر رايوندىن ئىبارەت بولۇپ، 1989 - يىلى يۈز بەرگەن « بېيجىڭ ۋەقەسى » دىن بۇيان خىتاينىڭ ھېچبىر ئۆلكىسىدە (تىبەتتىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سىياسى جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىپ باقمىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ھاياتى خەتەر ئىچىدە قالغان ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ تۇتۇش بۇيرۇقى تارقىتىلغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار مىڭبىر تەسلىكتە شەرقىي تۈركىستانغا خوشنا بولغان قازاقىستانغا قېچىپ چىقىپ، قازاقىستان ھۆكۈمىتىدىن سىياسى پاناھلىق تىلىگەن ئىدى. ئەپسۇسكى قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ سىياسى پاناھلىق تەلىپىنى قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە خەلقئارا قانۇنلارغا خىلاپ ھالدا بۇ ئۇيغۇرلارنى بىر - بىرلەپ قولغا ئېلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرمەكتە.

مەسىلەن، قازاقىستان ھۆكۈمىتى بۇيىل 2 - ئايدا شەرقىي تۈركىستاندىن ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېچىپ چىقىپ قازاقىستان ھۆكۈمىتىدىن سىياسى پاناھلىق تىلىگەن خەمىت مۇھەممەت، ئىلياس زوردۇن، قاسىم مەخپىر قاتارلىق 3 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى تۇتۇپ، ئۇلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەردى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ياشلارنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا دەرھال ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ياشلار ئۈستىدىن 1998 - يىلى تۇتۇش بۇيرىقى تارقاتقان ئىدى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇلارنى تۇتۇش توغرىسىدا چىقارغان رەسمى ئېلانىنىڭ ئەينەن نۇسخىسى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ يېقىندا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئېلان قىلغان 92 بەتلىك دوكلاتىدىمۇ يەر ئالغان.

قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقارقى قىلمىشى چەتئەلدە ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى، كۆپلىگەن دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار قازاقىستاننىڭ بۇ قىلمىشىغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىمۇ بۇ ھەقتە مەخسۇس مۇراجەتنامە تارقاتتى. شۇنداقتىمۇ قازاقىستان ھۆكۈمىتى بۇخىل غەيرى ئىنسانى قىلمىشلىرىنى توختاتقىنى يوق. قازاقىستاندىكى « ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى » نىڭ ئىنفورماتسىيون مەركىزىمىزگە بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇيىل 4 - ئايدىن بۇيان قازاقىستان ھۆكۈمىتى يەنە شەرقىي تۈركىستاندىن ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېچىپ چىققان سابىت روزى، ئۆمەت ئابدۇساتتار، روزى سەمەت، شائىليار شامەنسۇر، ئازات سەمەت، سەيپىدىن شەمسىدىن، زوردۇن قاتارلىق ئۇيغۇر ياشلىرىنى قولغا ئېلىپ، قازاقىستان بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ ۋاقىتلىق تۈرمىسىگە قامىغان ۋە بۇلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ھازىرلانماقتا.

دۇنيا جامائەتچىلىكىگە مەلۇمكى، نۆۋەتتە كوسوۋاغا خوشنا بولغان ئالبانىيە، ماكېدونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىكى ئېغىر قىيىنچىلىقىغا قارىماي سىرپلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇرتۇلۇپ قېچىپ چىققان نەچچە يۈز مىڭلىغان كوسوۋالىق مۇساپىرلارنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ئىنسانى ياردەم قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن گۈزەل ئۈرنەك بولدى. يەنە كۆپلىگەن غەرب ئەللىرى ئۆزلىرى بىلەن دىنى ۋە ئىرقىي جەھەتتە ھېچبىر ئوخشاشلىقى بولمىغان نەچچە مىڭلىغان كوسوۋالىق مۇساپىرلارنى باغرىغا بېسىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئۆزئارا قېرىنداشلىق ۋە مېھرى - شەپقەتنى نامايەن قىلدى. ئەپسۇسكى، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرىگە ھەم خوشنا، ھەم دىنداش، ھەم قانداش بولغان بىرقانچە ئۇيغۇرنى باغرىغا باسالمىغانلىقى، ئەكسىچە ئۇلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىپ ئوپ - ئوچۇق ھالدا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىكى، بۈيۈك بىر ئىنسانلىق ئەيىپىدىن ئىبارەتتۇر. قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ غەيرى ئىنسانى قىلمىشى، قازاقىستاندا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان بىر مىليونغا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكىنى زىدىلەپلا قالماستىن، بەلكى شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغىدى.

نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا 1 مىليون 200 مىڭدىن ئارتۇق قازاق خەلقى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن قېرىنداشلىق ئىچىدە باراۋەر ياشاپ كەلمەكتە، قازاقىستاندىمۇ 500 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشىماقتا، ئەگەر قازاقىستان ھۆكۈمىتى يۇقارقىدەك غەيرى ئىنسانى قىلمىشىنى داۋاملاشتۇرىۋەرگەن تەقدىردە، ئۇيغۇر خەلقى بىلەن قازاق خەلقى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار كۈچىيىپ، كەلگۈسىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇقىملىقىغا جىددى تەھدىت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن بارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردىن بۇمەسىلىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ غەيرى ئىنسانى قىلمىشىنى دەرھال توختىتىشىغا بېسىم ئىشلىتىشنى ۋە قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارالىق ئەھدىنامىلاردا كۆرسىتىلگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى جىددى تەلەپ قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: **ئابدۇجىلىل قاراقاش**

**« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى »** نىڭ رەئىسى

(1999 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى) ( گېرمانىيە - ميۇنخېن

**قازاقىستاندىكى بەزى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە قازاقىستاندا قېچىپ يۈرگەن ئۇيغۇر سىياسى قاچقۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » گە بىرقانچە قېتىم مەكتۇپ يوللاپ، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىدىن قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر سىياسى قاچقۇنلارنى تۇتقۇن قىلىپ خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىۋاتقانلىق قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ بارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا مۇراجەتنامە يوللاشنى ئىلتىماس قىلغان ئىدى.**

# دۇشمەندە رەھىم، دوستتا ۋاپا يوق، ئەمدى بىز نىمە قىلىشىمىز كېرەك؟

## (قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان سىياسى مۇلاھىزە)

ئەخمەت ئىگەمبەردى

قازاقىستان ھۆكۈمىتى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ۋە خەلقئارادىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ قاتتىق ئەيىپلەشلىرىگە قارىماي، 99- يىلى 11- فېۋرال خىتايدىن قېچىپ چىقىپ سىياسى پاناھلىق تىلىگەن خەمىت مۇھەممەت، قاسىم مەخپىر، ئىلياس زوردۇن قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياشنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇياشلىرىمىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا دەرھال ئۇلارنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. بۇ گۇناھسىز ئۈچ ۋەتەندىشىمىزنىڭ تۆكۈلگەن مۇبارەك قانلىرى تېخى سوۋۇماستىن ۋە بۇنىڭدىن خەۋىرى بولغان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان غەزەپلىك قانلىق ياشلىرى قۇرۇماستىن، ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا يەنە قازاقىستان ھۆكۈمىتىدىن سىياسى باش پانالىق تىلەۋاتقان، ھازىر قازاقىستان خەۋپسىزلىك مىنىسترلىكى تۈرمىسىدە تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتقان 10 غا يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى قازاقىستان ھۆكۈمىتى يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ.

قازاق ھۆكۈمىتىنىڭ قېرىنداشلىق ئەھدىنى ئاياق ـ ئاستى قىلىپ، يامانغا يانتاياق بولۇپ قىلىۋاتقان بۇ ياۋۇزلۇقىغا قارىتا خەلقىمىزنىڭ دەرت ـ ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، جىمىنى چىشلەشتىن باشقا ئامال يوق. لېكىن بىز چەتئەللەردە ياشاۋاتقانلار، بولۇپمۇ ئاۋىستىرالىيەدە ياشاۋاتقان 1000 غا يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرىنچىدىن، كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزىۋاتقان بۇ ئېغىر قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىپلىسەك، ئىككىنچىدىن،كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تېرورلۇق سىياستىگە يانتاياق بولۇۋاتقان قازاقىستان نەزەربايېۋ ھۆكۈمىتىنىڭ، قازاقىستانغا سىياسى باش پاناھلىق تەلەپ قىلىپ چىققان ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تۇتۇپ بېرىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئورتاق بولۇۋاتقانلىق قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىپلەيمىز ھەم لەنەتلەيمىز.

قازاق ھۆكۈمىتى بېيجىڭغا بولغان غالچىلىقىنىڭ سەمىمى ساداقىتىنى گۇناھسىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پاك قانلىرى بەدىلىگە ئىسپاتلىماقچى بولۇۋاتىدۇ.

1991 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، باشقا ئوتتۇرا ئاسيادىكى قېرىنداش جومھۇرىيەتلەر قاتارىدا قازاقىستانمۇ مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. بۇبىر تارىخى ۋەقە ئىدى، قازاقىستاننىڭ مىللى مۇستەقىللىقىدىن ئۇنىڭغا چېگرىداش ھەم قېرىنداش بولغان ئۇيغۇر خەلقىمۇ ھەقىقى شاتلىق تەنتەنىسىگە چۆمدى. دۆلەت مۇستەقىل بولۇپ 8 يىلدىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان رىيال ئەھۋاللار، قازاقىستان دۆلىتىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياستىدە كۆپلىگەن ساغلام بولمىغان ئامىللارنىڭ يەنىلا ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خىتاي بىلەن بولغان تاشقى سىياستىدە كۆرۈلگەن خاتالىقلار، قازاقىستاننىڭ بۈگۈنكى مۇستەقىل، دېموكراتىك، پاراۋان دۆلەت بولۇپ تۇرىشىغا تەسىر قىلىپ قالماي، كېلەچەكتىكى قازاقىستاننىڭ مۇستەقىل، ئەركىن، باياشات مەملىكەت بولۇپ تۇرىشىغا تەھدىت كەلتۈرىدىغان بالايى ـ ئاپەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ قويىدى. بولۇپمۇ قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ 1996 يىلى 24 ـ 26 ئاپرىللاردا خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن شاڭخەي باياناممىسى، بىر قاتار چېگرا كېلىشىملىرى ۋە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئاتالمىش «تېرورىست» لارنى بىرلىكتە بىر تەرەپ قىلىشنى كۆزدە تۇتقان كېلىشىم ـ ھۆججەتلىرىدىن كېيىن، قازاقىستان ھۆكۈمىتى كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئالدىدا سىياسى، ئىقتىسادى تەرەپلەردىن بېقىندىلىق ھالغا چۈشۈپ، بېيجىڭنىڭ كوماندا تايىقىغا بوي سۇنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ بېقىندىلىق سىياستىنىڭ كېلەچەكتىكى ئاقىۋەتلىرى تېخىمۇ خەتەرلىك. بۇئەھۋاللار، ئۇنىڭغا خوشنا بولغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بولۇپمۇ سېرىق ئەجدىرھانىڭ بىۋاستە تەھدىدى ئالدىدا تۇرغان قازاق خەلقى ۋە ئوتتۇرا ئاسيا خەلقى ئۈچۈن ئىنتايىن خەۋپلىكتۇر. كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆرىدىغان ھازىرقى قازاق ھۆكۈمىتى بۇنى چۈشەنمەيدۇ ھەم چۈشۈنۈشنىمۇ خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى خىتاي ئىمپىريالىستلىرىنىڭ باسقۇنچىلىق سىياسەتلىرىنى ۋە زۇلۇملىرىنى 200 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بۇيان تارتقان ئۇيغۇر خەلقىدەك تېتىپ يەتكىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەچچەمىڭ يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسياغا يامان نىيەت بىلەن ھەۋەس قىلىپ كەلگەن خىتاي باسقۇنچىلىرىغا دەرۋازىلىرىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، قاراقچىنى ئۆيىگە باشلاپ قويۇپ ئوكدىسىغا يېتىپ چۈشەكەپ ئۇخلاۋاتىدۇ. كومۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، قازاقىستاننى سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدەنىيەت، ئاڭ ـ پىكىر تەرەپتىن ئۆمۈچۈك تورىدا چىرماپ بېقىندى ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. خىتاي دائىرلىرى بىر مىللى ۋەزىپە سۈپىتىدە، 50 يىلدا ئوتتۇرا ئاسيانى، 100 يىلدا شەرقىي ياۋروپانى ئۆزلەشتۈرۈش پىلانىنى قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرىۋاتىدۇ.

مەن يۇقۇرىدا ئەيىپلىگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىدە پەقەتلا قازاق ھۆكۈمىتىنى كۆزدە تۇتتۇم. ئەگەر قازاق ھۆكۈمىتىدە ھەقىقى دېموكراتىيە، كەڭچىللىك، باراۋەرلىك بولغان بولسا ئىدى، خىتايغا بولغان خوشامەتچىلىك دېپلوماتىيەسى بىلەن، قازاقىستاندىن باشپانالىق تەلەپ قىلغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنى خىتاي جاللاتلىرىغا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمىگەن بولاتتى. مۇشۇ ئەھۋالدا قازاقىستان يەنە قايسى يۈزى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىن دوستى بولسۇن؟

ئەمدى نىمە قىلىشاق بولار؟ بىز ئۆزىمىز ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزئارا سەمىمى ئىتتىپاقلىشىپ، مۇجادىلە سېپىمىزنى مۇستەھكەملەيلى. ئىقتىسادى ئورنىمىزنى ياخشىلاشقا تىرىشايلى. ئىتتىپاقلىششقا ۋە ھەمكارلىششقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەردىن پايدىلىنايلى. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىش، بەدەل تۆلەشتىن قاچماي، جىددى ھەرىكەتكە كېلىپ، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى ئوتتۇرا ئاسيادىكى، تۈرۈك دۇنياسىدىكى، ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا، ئامېرىكا ۋە ياۋروپانى گەۋدە قىلغان ھۆر دۇنيا مەملىكەتلىرىگە ۋە پۈتۈن دۇنيادا خەلقلىرىگە تېزراق ئاڭلىتىش ئۈچۈن جىددى ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. مېنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىم تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئوتتۇرا ئاسيادىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بۇمەسلىگە تېخىمۇ جىددى قاراپ ، قازاق خەلقىگە، بولۇپمۇ قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە ئۇيغۇر خەلقى بىلەن قازاق خەلقىنىڭ قېرىنداشلىق تارىخىنى ھارماي ـ تالماي تەشۋىق قىلىپ ۋە چۈشەندۈرۈشى، خىتاي باسقۇنچىللىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسيا خەلقلىرىگە تۇتقان مۇستەملىكىچىلىك غەرەزلىرىنى ئۇلارغا ئاڭلىتىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى، ۋاكالەتخانىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك.

2 ـ ئەگەر قازاق ھۆكۈمىتى بىزنىڭ قېرىنداشلارچە سىلىق مۇئامىللىرىمىزنى توغرا چۈشەنمەي، بۇنى ئاجىزلىق، ئىقتىدارسىزلىق دەپ قارىسا، تېخىمۇ قاتتىق ۋە جىددى چارە ـ تەدبىرلەرنىمۇ قوللىنىشقا تۇتۇش كېرەك.

3 ـ ھەر قايسى مەملىكەتلەردە ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلار قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان، خەلقارالىق قانۇنلارنى بۇزغان بۇ جىنايەتلىرىنى ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان مەملىكەتلەردىكى ھۆكۈمەت، مۇناسىۋەتلىك تەشكىلات، شەخسلەرگە ئۇختۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ يالاقچىسى قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە بولغان بېسىمنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

4 ـ خەلقارادىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قانۇنسىز جىنايەتلىرىنى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنى ئاساس قىلغان دۇنيادىكى ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى قوللايدىغان

(داۋامى 7 ـ بەتتە)

# دۆلەت ۋە ئاناۋەتەن ھەققىدە مۇلاھىزە

يالقۇن (ئۈرۈمچى)

تۇپراق، زىمىن، ئىنسانىيەت ياشايدىغان ئومۇمىي يەرنى كۆرسەتسە، دۆلەت مەلۇم بىر ھۆكۈمرانلىقنىڭ كۈچ - قۇدرەت، قائىدە - قانۇنىيەت ۋە نۇرغۇن شەرتلىك ئىنتىزاملار بىلەن ئىدارە قىلىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇتقا كېلىدىغان ئايرىم تەۋەلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ۋەتەن بولسا مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئاساس قىلغان ئىنتايىن ئۇزاق ئۆتمۈشتىن باشلاپ شۇ مىللەت كىشىلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئايرىم بىر تەۋەلىكنى بىلدۈرىدۇ. دۆلەت بىلەن ۋەتەن مەلۇم جەھەتتىن بىردەك كىلىكنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن يەنىلا قارىمۇ - قارشىلىقسىز ئايرىملىققا ئىگىدۇر. چۈنكى، ھازىر دۇنيادا قانچە مىڭلىغان مىللەتلەر بولۇپ، ھەر قاسى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس چوڭ - كىچىك ۋەتىنى بار، لېكىن بۇ ۋەتەنلەرنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت دىگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىنتايىن ئاز ساندىكى ۋەتەنلىرى ھازىرقى دۆلەت ھوقۇقىغا ئاساسەن دۆلەت دېيىلىدۇ ھەمدە شۇ دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولغان مىللەتنىڭ ئۆز ۋەتىنى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. يەنى ھەر قانداق بىر ۋەتەننىڭ دۆلەت بولۇشى ناتايىن. ئەمما ھەر قانداق بىر دۆلەت مۇقەررەر ۋەتەندۇر. دىمەك ۋەتەن، دۆلەت ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ۋەتەنلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتمىغىنىدەك، دۆلەت ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ، ۋەتەنلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتمايدۇ. قىسقىسى دۇنيادا مىللەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، شەرتسىز ھالدا ۋەتەن مەۋجۇت بولىدۇ. ئەمدىكى گەپ ۋەتەن ئۇقۇمىنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسىدە ئەمەس، بەلكى ۋەتەن ئۇقۇمىنى قانداق قوغداش ۋە قانداق داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا. خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن قارىشى ھەققىدە تەپسىلىرەك پىكىر قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى مۇستەملىكىدە ياشاۋاتقان ئىككى ئەسىر مابەينىدە ۋەتەن ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، مىلىسىز قۇربانلارنى بېرىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لىكىن ئومۇمىي خەلق تۇرماق، ھەتتا ئالدىنقى قاتاردىكى بەلگىلىك شەخسلەرنىڭمۇ ۋەتەن ھەققىدىكى قارىشىنىڭ قاتمال ئىكەنلىگى ھەر قايسى دەۋردە كۆرۈلۈپ تۇرغان. ھازىرمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىۋاتىدۇ. شۇنى تەكىتلەپ ئېيتالايمىزكى، ۋەتەن داۋاسىغا ئارىلىشىشلا ئەمەس، بەلكى ۋەتەن ھەققىدە ئادەتتىكىچە سۆھبەتلىشىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقانلارمۇ ئالدى بىلەن ۋەتەننىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىگىنى پۇختا تەھلىل قىلىپ، مۇكەممەل ۋەتەن قارىشىنى تىكلەپ، ئاندىن ئېغىز ئېچىشى لازىم. ئاتىلار: « ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە » دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەن. بولۇپمۇ ۋەتەن توغرىسىدا سۆزلىگەندە ئويلاپ سۆزلەش ئەمەس، بەلكى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا دەستۇر بولالىغۇدەك ئۆلمەس ھەقىقەتلەرنى سۆزلىشى لازىم. ئاخىرىدا، دانالارنىڭ ئۆتكۈر زېھنىگە ھاۋالە قىلىپ، بىر قانچە مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتسەك ئارتۇق بولۇپ كەتمىسە كېرەك. مەلۇم بىر جۇغراپىيەلىك تۇپراق تەۋەلىگىنى ۋەتەن دەپ ئاتاش ئۈچۈن شۇ تۇپراقتا مۇقەررەر ھالدا ئېتنىك مىللەتنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك مەلۇم بىر مىللەتنى « مىللەت » دەپ ئاتاش ئۈچۈنمۇ، ۋەتەن تەۋەلىكى بولۇشى ئالدىنقى شەرتتۇر. ۋەتەن تەۋەلىكى بولمىغان ھېچ قانداق بىر مىللەت بولمىغىنىدەك، ئېتنىك مىللەتسىز ۋەتەننى تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ باشقا بىر مىللەتنىڭ ۋەتىنىدە غەمخورلىققا ئېرىشىپ ياشاۋاتقان كۆچمەن مىللەتلەر سان، سۈپەت، مەدەنىيەت، ئىختىسات، پەن - تېخنىكا قاتارلىق موھىم ئامىللار جەھەتتە يەرلىك مىللەتتىن تۆۋەن بولىدىكەن. مۇقەررەر ھالدا شۇ مىللەتكە قوشۇلۇپ تۈگەيدۇ. بۇ تارىخنىڭ ئادىل ھۆكۈمىدۇر. ئالايلۇق، ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلگەن ھۇنلار گەرچە بىر قانچە قېتىم بۈيۈك ئىمپىرىيە قۇرۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ سىڭدۈرۈپ يۇتۇۋېلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يوقالغان ئىدى. شۇنىڭدەك موڭغۇل ئىمپىراتورلىقىمۇ كۆچمەن مىللەتنى ئاساس قىلغانلىقى ( موھىم ئامىلنىڭ بىرى ) ئۈچۈن يەرلىك مىللەتلەرگە سىڭىپ تۈگىگەن ئىدى. ئەمما يەرلىك بىر مىللەتنىڭ دۆلىتىگە بېقىنىپ ئۇلارنىڭ خەيرىخاللىقىغا ئالقان ئۇزارتىپ كەلگەن، ھاياتتىكى بارلىق نېسۋىلەردىن مەھرۇم قېلىۋاتقان ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى، شۇنداقلا باشقا بىر مىللەتنىڭ ئانا ۋەتىنىدە ۋەتەن تۇتۇپ مىللىي ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالىشى ، قايسى بىر دانانىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ ؟ مەلۇم بىر تۇپراقنى بىر تەڭداش مىللەتلەر ئورتاق ئانا ۋەتەن تۇتۇپ، مەلۇم ۋاقىت ھەر قايسى مىللى مەۋجۇتلىقىنى داۋاملاشتۇرالىشى مۇمكىن. لېكىن مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بىر قانچە تۇپراقتا ئانا ۋەتەن تۇتۇپ مىللى مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىشى ۋەتەن ئۇقۇمىدىن، مىللەت ئۇقۇمىدىن تامامەن خالى قالغان يالغان تەسەۋۋۇردۇر. ئەگەر چەت - ئەللەردە پانالىنىپ تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلارغا ھەقىقى بىر ئانا ۋەتەن لازىم بولسا، ئۇيەر - بۇيەردىن يۇمشاقراق ئانا ۋەتەن تېپىپ يىلتىز تارتىپ قېلىشنى ئاما قىلماي، ئەلۋەتتە مۇقەددەس ئانا ۋەتىنىنى دۈشمەندىن قۇتقۇزۇشقا بىردەك ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

1999 - يىل 6 - ئاي

# دۈشمەندە رەھىم، دوستتا ۋاپا يوق، ئەمدى بىز نىمە قىلىشىمىز كېرەك؟

(قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان سىياسى مۇلاھىزە)

( بېشى 6 - بەتتە )



خەلقارا تەشكىلاتلارغا ۋاختى - ۋاختىدا يەتكۈزۈپ تۇرۇشى ۋە ئۇلاردىن ئەملى چارە قوللۇنۇشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.

5 - خەلقارادىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ھۆر دۇنيا مەملىكەتلىرىگە خىتاي ۋە قازاق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشلىرىنى ئاڭلىتىپ، ئۇلاردىن ئەملى ياردەم تەلەپ قىلىش كېرەك. بۇ مەسىلىدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، فرانسىيە، روسىيە، ياپونىيە ۋە ئاۋىستراليەدە ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئالاھىدە ۋەزىپىسى بار، بۇنى ئۇلار ياخشى چۈشۈنىشى كېرەك.

6 - نۆۋەتتە خەلقارادىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ « شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ بۇ مەسىلىدە كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقى ۋە پائالىيەتلىرى تازا يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. ئاۋىستراليە شەرقى تۈركىستان جەمىيتى شۇ مىللى مەركەزنىڭ قۇرغۇچى بىر ئەزاسى سۈپۈتىدە مىللى مەركەزنىڭ بۇ تەرەپتىكى پائالىيەتلىرىنى يەنىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ، ئۆلۈم گىرداۋىدا قالغان قېرىنداشلىرىمىزنى تېزدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دۇنيا مىقياسىدا يىڭىدىن كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەتكە ئاتلىنىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ.

1999 - يىلى 6 - ئاي ( ئاۋۇستراليە - سىدنىي )

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# دالاي لامانىڭ «ئامرىكا ئەركىن ئاسىيا رەدىيوسى» غا ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئېيتقانلىرى



1999 - يىلى 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ؛ ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا رادىيو ئىستانسىسى ؛ نىڭ مۇخبىرى ئۇمەرقانات گېرمانىيىنىڭ بون شەھرىدە تىبەتلىكلەرنىڭ دىنى ۋە سىياسى داھىيسى دالاي لامانى زىيارەت قىلغان ئىدى، تۆۋەندە دىققىتىڭلارغا سۇنماقچى بولغىنىمىز بۇ زىيارەت خاتىرىسىنىڭ ئەملى ئەھۋالدىن ئىبارەت:

سوئال: ھۆرمەتلىك دالاي لاما ئالىلىرى، سىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى تىبەتلىكلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ ئىككى مىللەتنىڭ تەقدىرىمۇ بىر - بىرىدىن پەرىق قىلمايدۇ. سىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تاشقى دۇنيادا تىبەت داۋاسى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېلىۋاتىسىز، سىز ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاپ: 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مېنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋىتىم بار، 1959 - يىلىدىكى تىبەت قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىز ئامالسىز ھالدا ۋەتىنىمىزنى تاشلاپ چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. بىز چەتئەلگە قېچىپ چىققاندىن كېيىن، چەتئەلدە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلاربىلەن، بولۇپمۇ تۈركىيە ۋە ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىن ھەكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتۇق. بىز ئۆزئارا ئۇچرىشىش ۋە پىكرلىشىش ئارقىلىق، تىبەت داۋاسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ داۋاسىنىڭ كۆپ جەھەتلەردىن بىر- بىرىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. مېنىڭچە، بىزنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىمىزنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ موھىم ئامىل - بىزنىڭ ئىرادىمىز ۋە جاسارىتىمىزدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار قەتئى ئۈمىتۋار بولۇشى، ئىرادىسىدىن يانماسلىقى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتماسلىقى كېرەك. يەنە بىر موھىم ئامىل شۇكى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى ئاساسىدا قۇرۇلغان مىللى مىراسلىرىغا، مەدەنىيىتىگە ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئىگە چىقىپ، ئۇنى ئاداققىچە مۇھاپىزەت قىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلار دۇنياغا يۈزلىنىپ، ئۆزىنى زامانىۋى بىلىم ۋە پە ن - تېخنىكىلار بىلەن قوراللاندۇرۇشى كېرەك. سىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، مېنىڭ كۈرەش يولۇم ۋە ئۇسۇلۇمنىڭ ئاساسى تىنچلىق شەكلىدىكى كۈرەشتىن ئىبارەت. ئەلۋەتتىكى، خىتاينىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمى تۈپەيلىدىن ھازىر بەزى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز قوراللىق كۈرەشكە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ، مەن ئەلۋەتتە بۇنىڭغا توغرا قارايمەن ۋە ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمنىڭ ھېسسىياتىنى توغرا چۈشىنىمەن. ئەمما ئۇزاقنى كۆزدە تۇتقاندا، مەن شەخسەن تىنچلىق شەكلىدىكى كۈرەش ئۇسۇلىنى بىرقەدەر مۇۋاپىق ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل دەپ قارايمەن. مەن ھەرزامان ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىدا ۋە ئىمكانىيىتىمنىڭ بېرىچە ئۇيغۇرلارنىڭ داۋاسىغا ياردەم قىلىشقا تىرىشىمەن.

سوئال: سىز باشتىن - ئاخىر تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن كۈرەش قىلىشنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىسىز ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن دىيالوگ قۇرۇشقا تىرىشىۋاتىسىز. سىزبۇجەھەتتە بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلىدىڭىزمۇ؟

جاۋاپ: ئۆتكەن كۈزدىن بېرى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولۇپ كېلىۋاتقان بەزى غەيرى رەسمى مۇناسىۋەتلىرىمىزمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى، ھازىر خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدىغان ھېچبىر قانالىمىز يوق. ئەمما ھازىر تىبەتتە ۋەزىيەت كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ دىنى بېسىم بارغانسىرى كۈچىيىپ. تىبەت خەلقىنىڭ نورمالنى دىنى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى قاتتىق چەكلىمىلەرگە ئۇچراۋاتىدۇ. ھازىر خىتاي ھۆكۈمىتى تىبەتتىكى بۇتخانا ۋە ئىبادەتخانىلارنى مەجبۇرى ھالدا سىياسى تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغان ماكانغا ئايلاندۇرىۋالدى. بۇجەرياندا10 مىڭ لامانىڭدىنى ۋەزىپىسى مەجبۇرى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇلار بۇتخانا ۋە ئىبادەتخانىلاردىن ھەيدەپ چىقىرىلدى. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا تىبەتتە دىنى بېسىم بارغانسىرى كۈچىيىپ، دىنى پائالىيەتلەرنىڭ دائىرىسىمۇ كۈندىن - كۈنگە تارىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىدىن باشقا يەنە تىبەت تىلى ۋە ئەدەبىياتىمۇ قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىمۇ قىسقىراپ كېتىۋاتىدۇ. گەرچە ۋەزىيەت شۇنداق بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە ئومومى يۈزلۈك بىر ئۆزگۈرۈش يۈز بېرىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن تىبەت داۋاسىدىن ناھايىتى ئۈمىتۋارمەن.

سوئال: دالاي لاما ئالىلىرى، سىزچە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ داۋاسىنى غەرىپ دۇنياسىغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك شەكىلدە ئاڭلىتىش ئۈچۈن قانداق بىر يول تۇتىشى كېرەك؟

جاۋاپ: ئۇيغۇرلار مىللى داۋاسىنى غەرىپ دۇنياسىغا تېخىمۇ ياخشى ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى ياخشى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئىككىنچىدىن. ئۇيغۇرلار ئىنتەرنەتكە ئوخشىغان زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاستىللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىنى ، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا سېلىۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇملىرىنى دۇنياغا تېخىمۇ لايىقدا ئاڭلىتىشقا تىرىشىشى كېرەك. بۇ مېنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىدىغان تەۋسىيەمدىن ئىبارەت.



| جانابى ئاللاھ مەدەتكارىمىز بولغاي! | گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى: ئابدۇلجېلىل قارقاش<br>گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر: پەرھات مۇھەممەدى<br>تەھرىر ۋە مونتاژ: ئۇمەرجان شاھيارى | تەھرىرلەر: پەرىدە نىياز<br>ئايگۈل ئەسەتكېچىك<br>كورىكتور: ئۇچقۇن قەشقىرى | گېزىتىمىزگە بېسىلغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر. گېزىتىمىزغا ئېۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخباراتلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ. | E TIC<br>Lindwurmstr. 99<br>80337 Munchen Germany<br>E Mail:etic@ uygur.com<br>Internet:www.uygur.com<br>Tel:0049/89/543 88 99<br>Fax:0049/89/54 45 63 30 | گېزىتنى بېسىپ تارقاتقۇچى: «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نەشرىيات مۇدىرى<br>ئابدۇلجېلىل تۇران<br>Tel&Fax: 0090 212 6790370 |
|---|---|---|---|---|---|

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نەشر قىلدى